# ئورخۇندىن جەۋھەرلەر

# ORXUNDIN JEWHERLER



www.orkhun.com

# ئورخۇندىن جەۋھەرلەر

## ئىككىنچى كىتاپ

www.orkhun.com

# تۈزگۈچىدىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

قولىڭىزدىكى « ئورخۇندىن جەۋھەرلەر » دىگەن بۇ ئېلكتىرونلۇق كىتاپ، ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغىسى بولۇپ، سىزنىڭ ياقتۇرىشىڭىزنى ۋە سىزگە ئازراق بولسىمۇ نەپ ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

تور بېتىمىز قۇرۇلغان قىسقىغىنە نەچچە ئاي ئىچىدە كەڭ تورداش دوستلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بۇ تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئەلۋەتتە مۇنبىرىمىزدىكى جاپاكەش ئەزالىرىمىزنىڭ كومپيۇتېر ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەسەر يوللاپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تور بېتىمىزنى قوللاپ توختىماستىن ئەسەر يوللاپ كەڭ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيتىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن تۆھپىكار ئەزالىرىمىزغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

تور بېتىمىز ئۇيغۇر تورچىلىقىدا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيتىنى تەشۋىق قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان تور بەت بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر يوللىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلىنىدۇ. گەرچە تور بېتىمىز يېڭى قۇرۇلغان

يوللانغان ماقالا ئەسەرلەر ئاز ۋە بەزىلىرى باشقا تور بەتلەردە ئېلان قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىمىز ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان، ئۆگىنىۋاتقان دوستلىرىمىزغا ۋە قېرىنداشلىرىمىزغا ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بولار دىگەن مەقسەتتە تور بېتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن تاللاپ بۇ بىرنەچچە يۈرۈش ئېلىكتىرونلۇق كىتاپنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

بۇ بىزنىڭ بۇنداق ئىشنى تۇنجى قېتىم قىلىشىمىز بولغاچقا ئەلۋەتتە كەمچىلىك خاتالىقلاردىن ساقلىنالىشىمىز ناتايىن، شۇڭا ئەگەر خاتا كەتكەن تەرەپلەر بولسا كەڭ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەپۇ كۆزىدە قاراپ، كېيىنكى قېتىمدا تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، كەمچىلىكلىرىمىزنى سەممىلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىت قىلىمىز.

كىتاپنىڭ مەزمۇنى ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى غەيرەت توختى كەنجى ئەپەندىم تۈزگەن كەنجى كورريېكتور بىلەن تەھرىرلەندى، بىلىك كۇلۇبىدىكى DELL ئەپەندى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئىشلەپ بەردى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان ئىككى قېرىندىشىمىزغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى

# مۇندەرىجە

ئالتە شەھەرگە سەپەر ........................................................ 1

ماتتەي (مافۇشىڭ) توغرىسىدا ................................................ 14

1933- يىلىدىن 1937- يىلىغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ........................................................ 22

ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن خەلقىگە قىلغان زوراۋانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ئىشلىرىدىن ئەسلىمىلەر ........................................................ 135

قەشقەر تارىخىدىكى " فېۋرال پاجىئەسى " ................................. 149

ئىستىقبال سەۋدالىرى ........................................................ 162

غېنى باتۇرغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار ................................................ 173

شىنجاڭ پادىشاھى شېڭ شىسەينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى .................. 181

شىنجاڭ مىللەتلەر رايونىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يوشۇرۇن

ئالاقىسى ..................................................... 185

مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭدا ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ سۈرگۈن

قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىمە....................................... 207

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە

ئەسلىمە ............................................................ 223

# ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان تارىخى

# ئالته شەھەرگە سەپەر

## نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت

## ( ئىيۇل خاتىرەمدىن)

تورغا يوللىغۇچى: niyazdixan

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=81

ئۆتكەنكى يىللارنىڭ قايغۇ ۋە ھەسرەتلىرىنى كەتكۈزۈپ قەلبىمگە بىر ئاز تەسەللى بېرىش مەقستى بىلەن بىرنەچچە كۈن سەپەردە بولماقنى ئارزۇ قىلدىم. بۈگۈن 4 - يانۋار، 5 - 6 ھەمراھىم بىلەن ئالته شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم. تېكەسنىڭ كەڭ دالاسىغا كەلدىم. بۇ يەردە مەدەنىيەت ئالامىتى ئەسلا كۆرۈنمىدى. ھەر بىر نەرسە تەبىئىي ھالىتى بويىچە ئىدى كۆز كېلىپ قايناپ تۇرغان ئىنسانلار، مەھەللىلەرنىڭ ئالا - يېشىل دەرەخلىرى يوق، تىپ - تىنچ ۋە سەكىن. يالغۇز تۈزلەڭ ئوتتۇرىسىدىلا موڭغۇللارنىڭ بىر گۈزەل ۋەزمىن ئىبادەتخانىسى بىلەن موڭغۇل بالىلىرىنىڭ ئاندا - ساندا " ئاي، ئوي، ئۆي " - دېگەن مۇڭلۇق تاۋۇشلىرى تەبىئەتكە بىر تۈرلۈك ئۆزگىرىش بېرىپ تۇراتتى.

يولۇچىلار ئاستا ۋە سالماق ماڭماقتا. كۈن نۇرىمۇ ئاستا - ئاستا غايىپ بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا ئاخشام ۋاقتى بولغانىكەن. بىزمۇ ھېلىقى ئىبادەتخانىغا يېقىن بىر جايدىن ئورۇن ئالدۇق. كېچىنىڭ زۇلمىتى غايىپ بولۇپ تاڭ نۇرىنى ئالەمگە چاچتى. موڭغۇل سۇمبىسىدىن جاڭ - جۇڭ

دېگەن تاۋۇشلار موناخلارنى ئىبادەتكە چاقىرغان ئىككىنچى بىر تەرەپتىن مۇڭلۇق تاۋۇش بىلەن ئەزان ساداسى ياڭرىماقتا ئىدى. بىرمۇ مۇنداق بىر سۇمبىدە ئەزان ساداسىنى ئاڭلىغانلىقىمىزنىڭ خۇشاللىقىدا ئالدىراشلىق بىلەن ھاسراپ - ھۆمۈدەپ ئىبادىتىمىزنى بەجا كەلتۈردۇق. شۇ ئەسنادا بىر تۈركۈم كارۋانغا ئۇچراشتۇق. بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا بىز ئاشىدىغان مۇز داۋان ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىمىش. خۇدا ساقلىسۇن، داۋان ئۈستىدە قار بوران ۋە شىۋىرغان بولسا ھەممىمىز ھالاك بولارمىشمىز. يالغۇز خۇدا ئوڭشاپ، " مۇزارت غوجام " مەدەت قىلسىلا سالامەت ئۆتۈپ كېتىشكە مۇمكىن ئىكەن ( مۇزارت غوجام تىرىكمىش) بولمىسا گۇناھى بار بەندىلەرگە " مۇزارت غوجام " ئەسلا يول بەرمەيدىكەنمىش. ئەمدى بۇ ۋاقىتلاردا " مۇزارت غوجام " بىر ئاز ياۋاشلاپ قالغانمۇ نېمە ئۇچۇندۇر، بەزى بۇزۇق ئادەملەرمۇ ئاشالىغانمىش. بىز ھامان ئىلگىرىلىمەكتىمىز، قەلبىمىزدە ئۆتكەنكى گۇناھ قىلمىش - ئەتمىشلىرىمىزنى ئەسلىمەكتە ئىدۇق. ئالدىمىزدىكى قورقۇنچلۇق تاغ تۆپىسىدە قار ۋە شىۋىرغان غۇيۇلداپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز دەھشەتكە چۈشەتتى، خىياللار ھالاكەت چوڭقۇرىغا ئاغدۇرۇپ ئىتتەرمەكتە ئىدى، ئاغىنىلىرىمىز بەك چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا چۆمۈلگەن ھالدا ئاستا ماڭماقتا ئىدى. ئۈن - تىن يوق ئاخىرى مۇزارتقا يەتتۇق.

ئوڭ تەرەپتىن چىقىۋاتقان شىۋىرغان بىر ئاز راھەتسىز بولسىمۇ، ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلىمىز خوش ئەمەس ئىدى. ئاللىنىملەرگىدۇ بەك رەنجىپ، نىملەردىندۇر كۆڭۈل شۈركۈنەتتى. بىز كۈن بويى ھامان مۇز ئۈستىدە مېڭىۋەردۇق، شەرق ۋە غەرب تەرىپىمىزنى

ئورىۋالغان ئەينەكتەك كۆپ - كۆك مۇز تاغ ئۈستىدە قار شۇۋىرغان چىقىپ تۇراتتى. ھە، ئاستىمىزدا بولسا جەھەننەم چوڭقۇرى، خىيالىي ھېكايىلەردىلا بولۇشى مۇمكىن بولغان جىن - شەيتان ئوردىلىرى، ئاللىقاچانقى زامانلاردا بۇ يەرلەردە بىر قېرى جادۇگەر موماي ۋە بىر ئەجدىھا بولغانمىش. جادۇگەر موماي جادۇ قىلغانسېرى مۇز تاغ كۆتۈرۈلۈپ كېتەرمىش. ئەجدىھامۇ تىنىچ ياتماسمىش. مانا شۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر باتۇرلىرىدىن بىرى چىن تۆمۈر باتۇر ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ، بۇ جادۇگەر موماي بىلەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپتۇ-دە ئالتە شەھەرگە يول ئېچىپتۇ. خەيرلىك سەپەر.

ھەر نەرسە بولسىمۇ مۇز ئۈستىدە ھامان كېتىپ بارىمىز. ئادەملەر بىر - بىرىگە ئەگىشىپ ماڭاتتى. قاتار تىزىلغان تۈرك مۇھاجىرلىرى يالاڭ - يالىڭاچ، ئاچ - زېرىن، بالا - چاقا، قېرى - چۆرە ھەممىسى پىيادە، بەزىلىرى ھالسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ، ئۇياق - بۇياققا دەلدەڭشىپ كېتىپ باراتتى. بۇ يەردە گۇناھلىق بەندىلەرنىڭ بىرىنىڭ جەسىتىنى تاش تۈۋىگە تاشلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

ئەي كىتاب ئوقۇغۇچى قېرىنداشلار تۈرك مۇھاجىرلىرى دېسەك، بالقانلىقلارنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان رۇس ئېلى تۈركلىرى ئېسىڭلارغا كېلىۋاتامدۇ؟ خەير بۇ يەردە بالقانلىقلار يوق. بالقانلىقلاردىنمۇ زالىم بىر كۈچ باركى، ئۇ بولسا يوقسۇزلۇق، نامراتلىق ۋە مەئىشەت تارلىقى، ھە ئەپەندىم ئالتە شەھەرنىڭ بەش باللىق بىر ئائىلىسىدە بىر ئانا باللىرىغا قارايدۇ. ئۇلارنى بەزلەيدۇ. ئاتا باللارغا ئوزۇق ئىزدەپ بازارغا چىقىدۇ، لېكىن كۈن

بويى قايتقىنى يوق. باللار ئۆتكەن كۈنى كېچىسى بىر پارچىدىن نان يېگەن ئىدى. كۈن بويى ھېچنېمە يېمىدى. بىچارە باللار ئاننىسىغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئىگرىشىدۇ. شەپقەتلىك ئانا يەنە بىر تۈرلۈك يالغان سۆزلەر بىلەن باللىرىنى بەزلەيدۇ. قوشنا ئەخمەتتىن ئۆتنە نان ئېلىپ تۇرار ئىدى. بۈگۈن ئۇلاردىمۇ نان يوق. قوزىلىرىم ئاتاڭ نان ئېلىپ كېلىدۇ ـ دەپ يىغلاپ ـ يىغلاپ ئانىلىرىنى بەزلەيدۇ. لېكىن ئۆزى ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈكرەك تاماق يېمىگەنلىكتىن، كۆزلىرى گىرىمسەن بولۇپ ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى كۆرمەيتتى ۋە پۇتلىرى تىترەيتتى. ئاتا كۈن بويى ئىشلەپ تاپقان پۇلى ھېسابىغا ( ئالتە تىيىن) بازاردىن نان ئېلىپ ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۆيىگە قايتىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ئائىلە ئىچىدىكى خۇشاللىق خۇرسەنلىكنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. قاراڭلارچۇ، 6 تىيىنغا ئالتە كىشى قانداق خۇشال بولىدۇ! بۇ ئاجىزلارنىڭ ئىچكەن تاماقلىرىنى ۋە ئۆي ـ تۇرمۇشلىرىنى چۈشىنىڭ. خۇدا كۆرسەتمىسۇن. بۇ ئائىلىدە ئاتا بولغۇچى بىرلا كۈن ئاغرىپ قالسا قىيامەت ھازىر ئەمەسمۇ. دېمەك بۇنداق جاپانى كۆتۈرەلمىگەن، ئازغىنا بولسىمۇ دۇنيادا ياشاشنى ئويلىغان ئۇيغۇرلار قىش ئوتتۇرىلىرىدا بالا ـ چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىلى ۋىلايىتىگە ھىجرەت قىلىدۇ. تەبىئىيكى، باللارغا سوغۇقتىن ساقلانغۇدەك ئەگلى ـ ئاياغ، كىيىم ـ كېچەك يوق. پۇلغا يېتەرلىك ئوزۇق كۆپ ئەمەس. سوغۇق بولسىمۇ 3 ياشلىق ئوغلى، ۋە 3 ئايلىق قىزىنى ئۈستىدىكى كىيىملىرى بىلەن ئوراپ، ئۇلارغا سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالاتتى . بىچارىلەر ئۆزلىرى بىرلا قار ـ شىۋىرغان بولسا كۈزنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

مانا قېرىنداش، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمدىن كۆرە " مۇزارت غوجاممۇ " بۇنداق " گۇناھلىق " بەندىلەرنى داۋاندىن ئۆتكۈزمەسلىكى ھەقتە. " ھۆكۈمەت نېمە ئىش قىلىپ يۇرىدىغاندۇ؟ بۇ مۇھاجىرلارغا بىر تۇرلۇك قۇلايلىق ئىشلارنى قىلماسمۇ؟ " دېيىشىمىز مۇمكىن.

تۆگەل تۆت ئەتراپ ئىچىدە مېڭىپ، بەك ھارغان بولساقمۇ، ئارام ئالغۇدەك جاي تاپالمدۇق. بۇگۈن 11 - يانۋار كۈنى، ئوڭ تەرىپىمىزدىن يورۇق كۆرۈندى. بۇ بولسمۇ ئوچۇق دالاغا چىقىشىمىزدىن دالالەت بېرەتتى. كۈنمۇ سوغۇق ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇرۇش كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئاستا مېڭىپ زېرىككەن ئاتلارمۇ چاپسانراق مېڭىشقا باشلىدى. ھە، قېرىنداشلار، يۇرۇگۈلار دەپ ھامان ماڭماقتا. تىك تاغلار ئارىسىدىكى ساينىڭ ئاغزىغا يېتەلمەيمىز. بۇ ئارىدا ئاخشام ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى . يەتتۇق. ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئىككى تاغ ئارىسى سېپىل بىلەن تورالغان ئىدى، يالغۇز ئوتتۇرىدىلا تۆشۈك بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇ يەرگە باردۇق بۇ ئالتە شەھەرگە چىقىدىغان قاپقا ئىدى. قاپقىدىن كىرىشىمىز بىلەن بىر مەمۇر چوڭچىلىق قىلىپ، خۇددى بىزدىن تەزىم، ھۆرمەت كۈتكەندەك تۇراتتى. لېكىن بىز تەزىم بېرىش ئورنىغا تېزدىن يول خېتىمىزنى چىقاردۇق. مەمۇر بىزنىڭ رۇسىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، بىزگە دەرھال خۇش كەلدىڭلار دېدى. قورغان ئىچىدە يەنە بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار كۆرۈندى. ئەتراپىمىزغا قارىساق قورغان بۇزۇلغان، 2 - 3 ئۆيلا تۇزۇك تۇرۇپتۇ. لېكىن شۇنداق بولسمۇ، بۇ شەھەر ۋە سېپىلنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن مەھكەم ياسالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا چىك ھۆكۈمتى مەملىكەت ئوتتۇرىسىغا مۇشۇنداق بىر سىپىل ۋە شەھەر سېلىشقا مەجبۇر بولغانىكەن. مۇنداق بىر بۈيۈك شەھەرنى 2 نەپەر مەمۇر ئۈچۈنلا ياسىغانمۇ؟ بۇ كۈندە نىمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان؟ بۇنىڭغا ئەقلىمىز يەتمەي سورىساق بۇ سىپىل قورغانلارنى قەشقەر ھاكىملىرىدىن بەدۆلەت جانابلىرى ياساتقان ئىكەن. ئۇ ئىلى تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئىككى تاغ ئارىسىنى سىپىل بىلەن توساتقان ۋە يەنە شۇ شەھەردە 500 مۇنتىزىم قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزغانىكەن.

خىيالغا چۆمدۇق. ئۇ زات بۇ سىپىل بىلەن شەھەرنى قانداق بۈيۈك ئوي ۋە ھېسسىياتلار بىلەن ياساتقان بولغىيتتى؟ بىز گويا 19 ـ ئەسىرگە قايتقاندەك بولدۇق. قورغان دەرۋازىسىدىن شۇنداق خىياللار بىلەن چىقتۇق. خوش، ئازادلىق ئەسرى. بۈگۈن قىزىل بۇلاق مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدۇق. ھەيران قالدۇق. بىر خانىگە ئورۇنلاشتۇق. خانە ئىگىسىمۇ " خۇش كەلدىڭىز، ساپ كەلدىڭىز "، سۆزلىرى بىلەن تەكلىپ ئېتىپ، ئوچۇق چىراي قوبۇل قىلدى. مۇنداق مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بولغان بىر خىسلەتتۇر. ئاخىر قىزىل بۇلاقتا مەكتەپ بولمىسىمۇ چىرايلىققىنە بىر خانىقا بار ئىكەن. سورىساق " بىزلەر ئاخىرەت ئادەملىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن دۇنيا مەكتىپى نىمىگە لازىم دېدۇق " ـ دەيدۇ.

جام شەھىرى

ئەمدى ئاقسۇدىن 30 چاقىرىم نېرىدىكى جام شەھرىدە بولدۇق. بۇ خېلى چوڭ ئىسلام شەھىرى ئىكەن. جامنىڭ ئۆزىگە لايىق بازىرى بولۇپ،

دۇشەنبە ئومۇمىي بازار كۈنى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ كۈنى كوچىلار ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ۋە سىرتتىن كەلگەن خەلق بىلەن لىق تولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەتراپتىكى خەلق توغرىسىدا بىر قەدەر مەلۇمات ئېلىشقا بولىدىكەن. بۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر توغرا، ساپ دىل، ساددا ، يالغان سۆزلىمەس، دۇنيا ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئادەملەر. قىسقىسى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن قانداق ياشىسا ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە مەھەللە ئىمامىنىڭ باشقۇرۇشىدا بىر مەكتەپ بولسىمۇ، بۇ تەرەپلەردە مەتبۇئات بولمىغانلىقتىن ھەزرىتى نوھتىن قالغان تاختا پارچىلىرىغا يېزىپ ئوقۇيدىكەن.

بۇ يەردە ھەپتىلەرگىچە مەرىيەم قىلىنىدىكەن. بىزنىڭ بېرىشىمىزمۇ نورۇز بايرىمىغا توغرا كەلگەنلىكتىن ھەقىقىي نەق ئەھۋالنى كۆردۇق. خوتۇن ـ قىزلار، ئەر ـ ئوغۇللار ھەممىسى بىرگە چوقا ئىلەڭگۈچ، كىچىكلىرى ئۈچقۇچلارغا ئوينىشىپ يۈرۈشەتتى. بۇ يەردىكى، ئاياللارنى، قىزلارنى نامەھرەم دەپ كەمسىتىشلەر يوقكەن. كەچقۇرۇن چوڭلار ئوغلاق تارتىشماقتا. كىچىكلىرى مىللىي ئويۇنلارنى ئوينىماقتا ئىدى. بىز ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ يېڭى يىلنى مۇنداق قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ ھەپتىلەرگىچە مەرىيەم ئوينىشىغا ھەيران بولدۇق. بۇ بىچارە خەلقنىڭ ئۆلۈكلەرگە تىرىكلەردىن زىيادە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە بىزلەر گۇۋاھ قاتارىدا شاھىت بولدۇق. پېقىر ـ ئاجىزلارنى ھەم جىنس ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ، قايغۇرۇپ تۇرغىنىمدا، بىر بوۋاي بەدۆلەت دەۋرىنى بەك پارلاق تەسۋىرلىدى. ئۇ زاماندا بۇ دىيار ئاۋات ۋە مەمۇر، كەمبەغەلچىلىك، مىسكىنلىك يوق، ئاھالە باي ۋە ئوقەتچان، ياخشى ياشايدىكەن.

مەمۇرلىرى بۆگۈنكى چىلى مەمۇرلىرىغا ئوخشاش خەلقنى بۇلاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئاھالە تەرىپىدىن بېرىلگەن پۇلنىمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن. ناۋادا بىرلىرى خاتالىشىپ قوبۇل قىلسا قاتتىق قوللۇق بەدۆلەتتىن جازاسىنى ئالاتتىكەن. شەھەرلەر پاكىز ۋە تازا، ھەر يەرلەردە ئومۇمىي ھاممام. ئەسكەر مۇنتىزىم، يىگىت ئەسكەرلەر ئاتلىق، سەرۋازلىرى پىيادە، ئەسكەر كىيىمى بىر تۈرلۈك تۆمۈر رەڭلىك موۋۇت چاپان.

قول ئاستىدىكى مۇنتىزىم ئەسكەر 82 مىڭ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسكەر مەنسەپلىرى: يۈز بېگى، پەنساد دادخاھ، دادخاھ دېگەنلىرى ئەسكەر ھەم پۇقرا بېگى. بۇنىڭ قول ئاستىدا 5 ـ 6 پەنساد ئەسكىرى بار. بىرەر بۆيۈك شەھەر پۇقراسى ئەسكەرگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بەدۆلەت ھۇزۇرىدا مەھرەم، ياساۋۇل، مۇلازىم ۋە بارچە چوڭ ـ كىچىك مەمۇرلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. ئوغلۇم خۇلاسە شۇكى ئۇ بەك كۆچلۈك پادىشاھ ئىدى. ئۇنداق بولسا مانجۇلاردىن نېمشقا يېڭىلگەنىكىن؟ مانجۇ بىلەن سوقۇشسا يېڭىلمەس ئىدى. بىراق تەلەيى شۇنداقتۇر. بەدۆلەت ئوغا ئىچىپ ئۆلدى. قالغانلىرى چىن دۆلتى بىلەن سوقۇشۇش ئورنىغا ئۆزئارا تالاش تارتىش قىلدى. چىڭ چېرىكلىرى سوقۇشماستىنلا دۆلەتكە ئىگە بولدى.

بەدۆلەتنىڭ ئوغا ئىچىپ ئۆلۈشىنىڭ سەۋەبى نېمىدىن؟ شۇ مەزگىلدە چىڭ چېرىكلىرى بەدۆلەتنىڭ تۇرپاندا تۇرغان 17 پەنساد ئەسكىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. بۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئۆزبېك ئۇرۇقى بولسا ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن. ئالتە شەھەر ئاھالىسىدىن بولغانلارنى

ئەكسچە ئازاد ئەتكەن. بۇ خەۋەر بەدۆلەت ھەزرەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. ئۇ بۇ چاغدا كورلىدا ئىدى. بۇ ۋەقەدىن بەك قايغۇردى. مانجۇلار بىلەن ئالتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ گېپى بىرمىكىن دەپ گۇمان قىلدى. ئۇ تېزدىن تۇرپان ئەسكەرلىرىگە قوماندان بولغان بىر ئوغلى بىلەن بىر تۆرەمنى ( بوۋاي ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇلۇپ قالغان) قايتىشقا بۇيرۇق يازىدۇ. بىراق ئۇلار قايتمايدۇ. سەۋەبى: قايتساق " شۇنچە نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن سوقۇشماي، نىمە ئۈچۈن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدىڭلار " دەپ بىرەر گەپلەرگە ئۇچرايمىز ئېھتىمال دەپ قورقىنىدىن كەلمەي قالدى. بۇنىڭغا بەدۆلەت بەك خاپا بولدى. ئۆز ئوغلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقىنى ئېغىر ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقبال چولپىنىنىڭ ئۆچكىنىنى جەزم قىلدى-دە زەھەر ئىچىپ ئۆلدى. ئەرنى نومۇس ئۆلتۈرىدۇ دەيدۇ ( بەدۆلەت چىڭ چېرىكلىرىگە قارشى سوقۇشسا شۈبھىسىز يەڭگەن بولاتتى). " ئالتە شەھەر بەگلىرىدىن بىرى تەرىپىدىن ئوغا بېرىلدى دېگەن يالغان گەپمىكەن؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەدۆلەت بەك ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى. مۇنداق گۇمانلىق چاغلاردا ئەمەس، تىنچلىق زامانىدىمۇ ناھايىتى ساق بولاتتى. ئاشپەز ئاشنى ھازىرلاپ كەلتۈرگەندە ئاۋۋال ئۆزىگە سىلىنغان تاماقتىن ئۇنى ئېغىز تەگكۈزۈپ، كېيىن ئۆزى يەيتتى. مەن بەۆلەتنىڭ مەھرەملىرىدىندۇرمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا بىرى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى دېگەن سۆز توغرا ئەمەس " دەيدۇ بوۋاي. بۇ ھالدا ئالتە شەھەر ئاھالىسى ھەققىدە مەن بىرەر سۆز ئاچاي دېگەنىدىم. بوۋاي " ئوغلۇم سىزمۇ ئالتە شەھەر ئاھالىسىدىنسىز، ھە، سىلەرنىڭ ئىلى ئۆلكىسىگە كۆچۈپ بارغىنىڭلارغا 4، 5 ئەۋلاد ئۆتتى شۇنداقمۇ؟ ھە شۇنداق. چىڭ دۆلىتى ئىلىنى

ئالغاندىن كېيىن، ئۇ تەرەپنى، ئاۋات، مەمۇر ئەيلەپ، مەدەنىيلەشتۈرمەك ئۈچۈن بۇندىن كۆچمەن كۆچۈرۈشنى ئويلىغان. خاندىن ئىلى ۋىلايىتىگە ھىجرەت ئەتكۈچىلەرگە تۈرلۈك مۇكاپات ۋە ئىمتىيازلار ۋەدە بېرىلگەن. بۇيرۇق چىققان. بۇنىڭغا قىزىقىپ، ھىجرەت قىلغۇچىلار كۆپەيگەن. بۇنىڭدا بايلار، بەگلەر ئۆز ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى ئۆز بالا - چاقىسىنى كۆچۈرۈشكە تىرىشقان. ھەممىسى شۇنداقلاردىن كۆچكەن. مۇھاجىرلارغا شۇنداق ئەركىنلىك بېرىلگەنكى، بىر يىگىت بىراۋنىڭ قىزىنى < مەن ئالىمەن، يۇر > دېسە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قارشى تۇرالمايتتى "، ــ دېدى. بوۋاي سۆزنىڭ ئارىسىدا ئىلىنىڭ ئىلى دەپ ئاتىلىش سەۋەبى توغرىسىدا مۆھتەرەم خالىدىن ھەزرەتنىڭ " تارىخى خەمسە " سىدىكى ھېكايىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتتى. بۇ راستىنلا مۇئەررىخ بوۋاي ئىكەن. بۇغراخان ۋە يۇسۇپ قادىرخانلار ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلدى. ئەمدى ئىسمىنى ئېيتاي: بۇ تۇرداخۇن بوۋا ئىدى.

## ئاقسۇ

بۈگۈن 20 - يانۋار كۈنى ئاقسۇ شەھىرىگە كەلدۇق. ئاقسۇ بەك ئاۋات قەدىمىي شەھەرلەردىن بولۇپ بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇيغۇر خانلىرىمۇ تۇرغانمىش. يالغۇز 900 - يىللىرى ئەتراپىدا ئابابەكرى دېگەن بىر خان بۇ شەھەر ئاھالىسىنى ئەخمەتخان دېگەن بىرىگە تەرەپدارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تولا قىرغۇزغان. يەنە سالامەت قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرگۈن قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇ 16 يىل ئەتراپىدا خارابىلىكتە تۇرغان. كېيىن سۇلتان سەئىد دېگەن كىشى خانلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، باشقا ئەتراپ

شەھەرلەردىن مۇھاجىرلارنى كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. سۇلتان سەئىد ئاقسۇ خەلقىدىن 10 يىل ئۆپچۈرىسىدە پادىشاھلىق ئالۋان - ياساق ئالمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ يېڭىدىن ئاۋات بولغان. مۇئەررىخلەرنىڭ ئاقسۇ خەلقى پېتىراڭغۇ، پاراكەندە دېگەنلىرىنىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك. ئاقسۇ كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك خوش مەنزىرىلىك شەھەر ئەمەس. پەقەت ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ چىققان جايى بولغىنى ئۈچۈن خوش كۆرۈندۇ. كوچىلىرى مۇقىم ۋە تەرتىپلىك ئەمەس. كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەتسىز ۋە تارقاق. شەھەردە گۈزەلرەك ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق. ھەممە ئادەم دالانلىرىدا يۈرىدۇ. گەمگە ئوخشاش خانىلاردا كىشىلەر روھسىز، چۈشكۈن، نامرات ۋە مىسكىنلىك تەرىپى يېتەرلىك، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۇس. ئەكسىچە ئىشانلىرىمىز بەك كۆپلۈك، ھۈنەر - سانائەت كۆپتىن بېرى يوق. ئەمما دېھقانچىلىقى ئۆز لايىقىدا، ئاش ۋە ئىش ئەرزان، پەخش ۋە پاھىشىۋازلىق خەۋپلىك. كەمبەغەلچىلىك نەتىجىسىدە پاھىشىلىرىنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە ئۆسمەكتە. موللىلاردا بۇنىڭغا قارشى تۇرغۇدەك ئىقتىدار يوق. ئېھتىمال ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بەرمىگەندۇر. بۇ يەردىكى مەمۇرلار " ھارۋا سۇنسا ئوتۇن، ئۆكۈز ئۆلسە گۆش بولىدۇ دەپ قاراپ تۇرىدۇ. پاھىشىلەرگە پاھىشىخانىلار يوق. شۇڭلاشقا پاھىشىلەر تۈگىگەن سارايلىرىدا مۇستەقىل ياشايدۇ. يېنىغا بارساڭ ھامان نازلىنىپ، ئاشىق - مەشۇق قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ بۇلارنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزۈڭدىن خورلىنىسەن. خۇسۇسەن ماڭا ئوخشاش باشقا يەردە ئۆسكەن بىر كىشىگە بۇلارنىڭ قىلىقلىرى بەك غۇربەت ۋە يات تۇيۇلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئومۇمەن مۇئامىلىلىرى چىنلىقلار بىلەن

بولغانلىقتىن، ھەممىسى بەڭگى بولۇپ بازارلاردىن قىز يوقىلىدىكەن. شۇڭا بىر ئاز ياشراقلىرى چىنلىقلارغا ئۆيلىنىدۇ ياكى ئومۇمىي يەرلەردە قىمار ئويناپ، ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. بۇ تەرەپلەردە ۋاقىتلىق نىكاھمۇ خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يوقسىزلىقنىڭ سەمەرىسىدۇر ئاخىر. جۇڭگودا قانچە ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىدارە ئالمىششلارنىڭ بۇ يەرگە تەسىرى يوقمىغان. ئىنقىلاب زامانىدا بىر - ئىككى بۇيۇك مەمۇر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئىنقىلابچىلاردىن قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ مەمۇرلار ھېلىقى ئادەملەردىنمۇ بەك ناچار ئىكەن. بۇنى يەرلىك ئادەملەر ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ماللاردىن باجنى پەۋقۇلئاددە كۆپ ئالغانلىقىدىن كۆرىدۇ. كۆپتىن بېرى ئۆز ئىچىدىن خەلق مەجلىسگە ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىڭلار دېگەن بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسۇ خەلقى ئۆزلىرىدىن بىر ۋەكىل سايلاپ بەرگەن بولسىمۇ، نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇرۇمچىدىن يوقىرى كېتەلمىگەن. لېكىن بۇ يەرلەرگە بالقان سوقۇشى نەۋ تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ. مۆتىۋەر بىر ھەزرەتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار ئىستانبۇلغا 210 يامبۇ كۈمۈش يىغىپ ئەۋەتكەن. بۇ پەۋقۇلئاددە بىر ئىش. لېكىن بۇ ئاقسۇ خەلقىنىڭ جەمئىيەت، دۇنيا ئىشلىرىدىن مەھرۇم ئەمەسلىكىنى كۆرستىدۇ. بۇ تەرەپلەردە گېزىت ئوقۇغۇچىلار بولمىغانلىقتىن، ئاقسۇ خەلقى ئالەم ۋە ئىسلام ۋەقەلىرىدىن خەۋەردار ئەمەس. ئۇلار تۈركلەر ھەققىدە ئىلى ۋە قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ مۇبالىغە خەۋەرلىرىگە ئىشىنىپ يۈرگەن. ئاقسۇدىن 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاسۇق دېگەن يېڭى شەھەردە چىڭنىڭ مۇنتىزىم مېڭىپ تۇرغان پوچتا - تېلېگرافلىرى بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار پايدىلانماي تۇرۇپتۇ.

ئاقسۇدا بۇرۇندىن قالغان ئەنجانلىقلار بولسىمۇ، قازاق، قىرغىز، نوغايلار كۆرۈنمەيدۇ. ياۋروپالىقلار تۆپتىن يوق." نوغاي بولماي ئوڭاي بولماس" ئاخىر.

1991 ـ يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان " يورۇق ساھىللار " ناملىق كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مەنبە: شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى 2000 ـ يىل، 3 ـ سان.

# ماتتەي (مافۇشك) توغرىسىدا

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

تورغا يوللىغۇچى: turan tekin

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=236

«شىنخەي ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەردە «تىتەي»، «نىتەي» دەپ ئاتىلىدىغان ھەربىي ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلار ئۆتكەن ئىدى. «تىتەي» دېگىنى دېۋىزىيە قوماندانى(شىجاڭ) دەرىجىلىك، «نىتەي» دېگىنى بىرىگادا قوماندانى (لۈيجاڭ) دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەردە ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مافۇشىڭ يەنى ماتتەي بىر قەدەر تىپىك بولۇپ، بىر مەزگىل «پاشا» دەپ ئاتالغان. كېيىن «مومچى تاز» دەپ ھاقارەتلەنگەن.

مافۇشىڭ – مىللىتى خۇيزۇ، ئەرەپچە ئىسمى مۇھەممەت يۇنۇس. ئەل ئىچىدە ئۇ ماتتەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ.(قەشقەردە) ئۇ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاپىڭ ناھىيىسىدە 1866ـ يىلى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مافۇشىڭ كىچىكىدىنلا ئۇرۇش ـ جېدەلگە ئامراق، خورىكى چوڭ، قارام ۋە قاپ يۈرەك بولۇپ ئۆسكەن. ئۇ بالا ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ قارا كۈچىگە تايىنىپ چامباشچىلىق ماھارىتىنى ئىگىلىگەن. شۇ زاماننىڭ شارائىتى بويىچە پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان چامباشچىلار ئېلىشىشىدا مافۇشىڭ يۈننەننىڭ ئامبىلى مافۇلۇغا ياراپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ مەنچىڭ قوشۇنى ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىتسېر بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا (1900ـ يىلى) سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بېيجىڭنى بېسىۋالىدۇ.

سىشى تەيخۇ شىئەنگە قېچىپ كەتمەك بولىدۇ. بۇ چاغدا يۈننەن ئامبىلى مافۇلۇ مافۇشىڭنى چامباشچىلىقتا ماھىر دېگەن ئىشەنچ بىلەن سىشتەيخۇنىڭ قوغدىغۇچىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. سىشتەيخۇ شىئەنگە بارغاندىن كېيىن گوندى بۇتخانىسىغا كۆجە كۆيدۈرگىلى بارغاندا مافۇشىڭنىڭ نەچچە ئون جىلىك ئېغىرلىقتىكى يوغان بىر قىلىچنى قولىغا ئېلىپ، قىلىچۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقانلىقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ-دە ئۇنى خېنەن مەسلىھەتچى سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەيدۇ. مافۇشىڭ خېنەندە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، خېنەن ئامبىلىنىڭ بەگزادىسى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى بوزەك قىلىدۇ. ئاياللارنى ئاياغ-ئاستى قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ بەگزادىنى قاتتىق ئۇرۇپ ئەدەپلەيدۇ. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن خېنەن ئامبىلى مافۇشىڭنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى توپلاپ خان ئوردىسىغا ئەرز سۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مافۇشىڭ ئەمەلدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا پالىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن مىچۈەندە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ.

مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغاچقا بەزىدە ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئولتۇرۇش-قوپۇشلىرىدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىدە تۇتقان مەنسەپلىرى، خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيى ۋە ھەربىي، چامباشچىلىق ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ ھەمدە پات-پات ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىدۇ. كېيىن ئۇنى خۇيزۇ باتالىيونغا باشلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مافۇشىڭ ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن تولىمۇ سەممىي خىزمەت قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىنمۇ مافۇشىڭغا ئىشەنچ باغلايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا مافۇشىڭ

ياڭ زېڭشىندىن كېيىن ئەمما ھەممە كىشىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مافۇشىڭ چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن 1911- يىلى ئۆزىگە ئوردا-ساراي سېلىشقا كىرىشىپ، ئۇرۇمچى لىيۇداۋاندىن 6 مو يەر تالاپ ئۆزىگە ھەشەمەتلىك ساراي سالدۇ. دەرۋازا ئالدىغا شىرنىڭ ئىككى ھەيكىلىنى ئورنىتىدۇ. سارايىنىڭ مەركىزى ئەتراپىغا خىش ۋە ياغاچتىن ئىككى قەۋەتلىك بىنا سېلىپ خۇددى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ تۈسىگە كىرگۈزىدۇ. 80 ئېغىز ئەتراپىدا بولغان بۇ ساراي خانىلىرى كۆك كاھىشلىق بولىدۇ.

مۇشۇ مەزگىللەردە (1912- يىلى) قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن كۆپ ئامالالارنى قىلىپمۇ بۇ قوزغىلاڭنى تىنجىتالمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىدۇ. 1913- يىلى 9- ئايدا يېڭى قورال تارقىتىش نامىدا تۆمۈر خەلپىنى قورالىرىنى تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ ھەم تۆمۈر خەلپىنى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يىغىن زالىدا قولغا ئېلىشنى مافۇشىڭغا تاپشۇرىدۇ. مافۇشىڭ تۆمۈر خەلپىنى قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مافۇشىڭ تېخىمۇ كۆرەڭلەيدۇ. ھەتتا ياڭ زېڭشىننىمۇ مەنسىتمەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇ مافۇشىڭنى يوقىتىش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ ئامالسىز قېلىپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى قەشقەرنىڭ تىتەي(ھەربىي ئەمەلدار) لىكىگە تەيىنلەيدۇ. ئۇ قەشقەرگە تىتەي بولۇپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى ماجىۋۇ «نېتەي» بولۇپ بىللە كېلىدۇ. بۇلار قەشقەرگە كېلىپ ماتىتەي

يېڭى شەھەردە، ماجىۋۇ كونا شەھەردە تۇرۇپ، ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدۇ.

ماتتەي ئۇچىغا چىققان شۆھرەتپەرەس بولۇپ، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ خەلققە ئىنتايىن ئېغىر زۇلۇم سالدۇ. ئۇ قەشقەردە تۇرغان مەزگىللەردە كۆپلەپ خوتۇن ئالدۇ. نۇرغۇن قىز-ئاياللارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تېگدۇ. ئۇنىڭ غالچىلىرى ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن چىرايلىق قىزلارنى ئالداش، زورلاش، ئوغرىلاشتەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا سوغات قىلىپ تۇرىدۇ.

ماتتەي يېشى 60 تىن ئېشىپ ھالسىزلانغاندىن كېيىن تىۋىپلارغا قۇۋۋەت دورىسى ياساشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ دورىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قۇچقاچ لازىم بولغانلىقتىن پۈتۈن يۇرتقا قۇچقاچ ئالۋىنى سالدۇ. بۇ ئالۋان شۇ زاماندا يۇرت ئىچىدە قالتىس ئېغىر زۇلۇم بولغان ئىدى. تىتەيگە دورا ياساش ئۈچۈن 100 قۇچقاچ لازىم بولسا، شەھەر ھاكىمى بەگلەرگە 200 قۇچقاچ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شەھەر بەگلىرى بولسا يېزا بەگلىرىگە 500 قۇچقاچ دەپ چۈشۈرگەن. يېزا بەگلىرى يۈز بېشىغا، يۈز بېشى ئون بېشىغا قاتلاپ بۇيرۇق قىلغانلىقتىن پۇقرالارنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئۇ ئون نەچچە قاتلىنىپ بىر بەگلىك تەۋەسىدىكى پۇقرالار ئون مىڭلاپ قۇچقاچ تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان. مانا بۇ قەشقەر تارىخىدىكى «قۇچقاچ ئالۋىنى» ئىدى. مۇنداق زور ساندىكى قۇشقاچنى تۇتۇپ تاپشۇرۇش پۇقرالار ئۈچۈن ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق ئىدى. يېزا بەگلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇشقاچنىڭ ئورنىغا پۇل تۆلەش ئىشىنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالۋاڭنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، يۇرت خەلقىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئاپەت

بولىدۇ. شۇ چاغلاردا قۇچقاچ ئالۋېڭنى تۆلەپ كېتەلمەي قاماققا ئېلىنغانلار، ئۆي ۋاقىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان.

ماتتەي يەنە ھەشەمەتلىك قەلئە، ساراي ۋە راۋاقلارنى سالدۇرۇپ بەتخەجلىك قىلغان. بۇنىڭ بەدىلىگە خەلققە يەنە تۈرلۈك ئالۋانلارنى سېلىپ، ئۇلارنى ھاشارغا تۇتۇپ ئېغىر زۇلۇم سالغان. بۇنداق زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق شۇ چاغلاردا مۇنداق بىر قوشاق توقۇغان.

ساۋخۇ يولى قومۇشلۇق،

ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.

14 يىللاپ شەھەر سورىغان،

ماتتەيدەك زالىم يوق.....

ماتتەينىڭ دەۋرىدە يۈقىرىدىكى زۇلۇم ۋە ئالۋاڭلاردىن باشقا يەنە «موم ئالۋىنى» مۇ ناھايىتى دەھشەتلىك بولغان. بۇ ئالۋاڭدا نۇرغۇنلىغان كىشلەر خانىۋەيران بولغان، قاماققا ئېلىنغان، ھەتتا پۇت-قوللىرى كېسىلگەن. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: شۇ زاماندا ئۇلۇغچاتنىڭ قىزىل بويى ئەتراپىدا نېفىتلىك بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆرلەپ قالغان ماي سازلىقلاردا ۋە سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن، بەزى يەرلەردە لاتقىغا ئوخشاش ئۇيۇپ قالغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن يەرلىك كىشلەر تاغ ياقىسىدىن موم چىقتى دېيىشىپ يۈرگەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ماتتەي ئۇنى يىغىپ، موم قىلىپ سېتىشقا بۇيرۇيدۇ. رۇزى بەگ، جىڭچى ئىمام، ھاشىم چوڭ، ئاۋۇت ئىمام دېگەن كىشلەرنى ئىشقا سېلىپ، قەشقەر كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەردىكى دۇكانلارغا بۇ مومنى كۆپلەپ ساتىدۇ. لېكىن موزدۇزلار بۇنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ ئۇنىڭ موم بولماستىن بەلكى قاراماي ئىكەنلىكىنى

بىلىپ، سېتىۋېلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇنى كۆپلەپ سېتىۋالغان دۇكاندارلار زىيان تارتىدۇ. زىيان تارتقان دۇكاندارلار موم سېتىۋېلىشنى رەت قىلسا «پادىشاھ» ھۆكۈمگە قارشىلىق قىلدى دەپ قامايدۇ. بۇنىڭدا زىيان تارتقان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلق ماتتەيىنىڭ زۇلۇمى ئۈستىدىن ياڭ زېڭشىنغا كۆپلەپ ئەرز-شىكايەت قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ماتتەيىنى ئەيىبلەپ خەت ئەۋەتىدۇ. ماتتەي بۇ ئەيىبلەش بەدىلىگە ئاچچىقىنى يەرلىك كىشىلەردىن ئېلىپ، قاتتىق چارە كۆرۈشكە باشلايدۇ. يەنى رۇزى بەگنى باش جىنايەتچى قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ، شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغارچى كوچىسىنىڭ ئىمامى جىڭچى ئىمام بىلەن ھاشىم چوڭ، ئاۋۇت ئىماملارنىڭمۇ قولىنى كېسىپ سازايى قىلىدۇ. قولى كېسىلگەنلەرنىڭ قولىنى ياغدا داغلاپ قېنىنى توختاتقان بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىدا بەزەنلىرى ئۇزاققا قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ماتتەيىنىڭ ئوغلى ماجۇۋمۇ دادىسىغا ئوخشاش سۆلەتۋاز، ھەشەمەتخور بولۇپ، قەشقەر كونا شەھەردىكى «يۇملاق شەھەر كۆلى» بويىغا بىر راۋاق سالدۇرىدۇ. بۇنى كىشىلەر نېتەي راۋىقى دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ بەزىدە ھاۋانىڭ ياخشى ۋاقىتلىرىدا راۋاققا چىقىپ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدۇ، كەچ ۋاقىتلىرى بولسا كانايچىلارنى سېپىلغا چىقىرىپ كاناي چالدۇرىدۇ.

ماتتەي قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇنغا قالمايلا ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، بارغانسېرى ئۆز خان، ئۆز بەگ بولۇۋېلىپ، ياڭ زىڭشىنگىمۇ ئانچە بويسۇنۇپ كەتمەيدۇ. شۇ زاماندا قەشقەرنىڭ ۋالىسى جۇرۇيچى بىلەن

قەشقەر كونا شەھەر ئامبىلى ماشاۋۇۋنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇت تىپىششىش بولۇپ، ماتتەي بۇ ئەھۋالنى ئۇرۇمچىگە مەلۇم قىلماستىنلا ئۇلارنىڭ ئەملىنى ئېلىپ تاشلاپ، تامغىسىنى تارتىۋېلىپ قەشقەر شەھرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالنى بىلسىمۇ ماتتەيگە سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەي جۇرۇيچىنى ئاقسۇغا ۋالى، ماشاۋۇۋنى ئۇچتۇرپانغا ۋالى قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ ئىشنى ۋاقىتلىق بىر تەرەپ قىلغان بولىدۇ. ئەمما كۆڭلىدە ماتتەيدىن قاتتىق نارازى بولىدۇ.

دېمەك ماتتەي ئاتا-بالا ئىككىسى قەشقەردە ئۆز بەگ، ئۆز خان بولىۋېلىپ ياڭ زىڭشىنغا تولۇق ئىتائەت قىلمىغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدا خېلى كۆپ قوراللىق قوشۇن بولغانلىقتىن ئۇنى ماشاۋۇۋنىڭ قولى بىلەن يوقىتىشنى پىلانلايدۇ. ماشاۋۇ بىلەن ماتتەي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلىدىغان ياڭ زېڭشىن ماشاۋۇغا ماتتەيىنى يوقىتىۋېتىش توغرىسىدا يوشۇرۇن بۇيرۇق قىلىدۇ. (1924- يىلى ماي ئايلىرى بولىشى مۇمكىن) بۇيرۇق ئالغان ماشاۋۇ تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن ئۆز قوشۇننى باشلاپ ئۇچتۇرپان قاخشال يولى بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئاقسۇ، كۇچاردىن تەشكىللەنگەن ياردەمچى قوشۇن رامزان ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا چوڭ يول بىلەن ماڭىدۇ. بۇ ئىككى قوشۇن بىرلا ۋاقىتتا قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ تەڭ ھەرىكەت قىلىدۇ. ماشاۋۇ قوشۇنى قەشقەر يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئاقسۇ، كۇچاردىن كەلگەن قوشۇن قەشقەر كونا شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ھۇجۇم بىرلا ۋاقىتتا باشلىنىدۇ. ئىككى سائەت ئەتراپىدا داۋام قىلغان قاتتىق جەڭ نەتىجىسىدە ماتتەي

ئۆز رەقىبى ماشاۋۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئەڭ يۇقىرى جازاغا ھۆكۈم قىلىندۇ. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغان تېنى قەشقەردە ئۇدا ئۈچ كۈن سازايى قىلىندۇ.

رامزان ھاجى باشچىلىقىدىكى قوشۇن سەھەردە شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن تەڭ شەھەرگە ئاتلىق بېسىپ كىرىپ، ماجىۋۇنىڭ ئادەملىرى ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولغۇچە يۇملاق شەھەرنى ئىگىلەيدۇ. ماجىۋۇ ئۆزىنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلىپ راۋاق تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ، رامزان ھاجى ئۇنى قوغلاپ چىقىپ تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغاندا ماجىۋۇ ئۇنى تاپانچا بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ. مىنۇت ئۆتمەيلا ماجىۋۇغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماتىتەينىڭ قەشقەردىكى 10 نەچچە يىللىق زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. خەلق تۆۋەندىكىدەك قوشاق توقۇيدۇ:

ماتىتەي تۇلۇم چاشقان،<br>
ئالۋاننى تولا چاچقان.<br>
ئالۋاننى تولا سېلىپ،<br>
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

مەنبە: شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 15 ـ سان

( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)

# 1933ـ يىلدىن 1937ـ يىلغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر

## ئابدۇقادىر ھاجى

تورغا يوللىغۇچى: Qamcha

تورددىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=88

## تەھرىردىن:

قادىر ھاجىنىڭ بۇ ئەسلىمىسىدە 1933ـ يىلى ئوسمان ئېلى (قىرغىز) نىڭ سوغۇندا ئىسيان كۆتۈرۈپ ئاتۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسيانچى قوشۇنغا قوشۇلۇپ 1933ـ يىلدىن 1937ـ يىل 9ـ ئايغا قەدەر قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا تۆمۈر سىجاڭ، سابىت داموللا، خوجىنىياز ھاجى، مامۇت سىجاڭ، ئابدۇنىياز، شامەنسۇر ۋە باشقىلار بىلەن بىرگە بولۇش جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغان، بېشىدىن كەچۈرگەن ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. بۇنى تەھرىرلەش جەريانىدا بىر قىسىم تەھلىللەر ئېلىپ تاشلانغاندىن تاشقىرى قادىر ھاجىنىڭ شۇ جەرياندىكى ۋەقەلەرگە تۇتقان كۆز قارشى، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ، يېزىش ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلىندى. چۈنكى ھەر بىر كىشىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكلەرگە تۇتقان كۆز قارشى ۋە تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن مەلۇم تارىخىي ۋەقەنى، مەلۇم تارىخى شەخسلەرنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا بايان قىلىدۇ ياكى ئەسلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىش ئارقىلىق تارىخنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى يېشىپ بېرىدۇ.

دېمەك، ھەر بىر شەخسنىڭ ۋەقەلەرنى تەھلىل قىلىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن مەلۇم تارىخىي ۋەقەگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشنىڭ پەيدا بولىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، قادىر ھاجىنىڭ بۇ ئەسلىمىسىدىمۇ تارىختا ئۆتكەن شەخسلەرگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان كۆز- قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭغا قارىتا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ تارىخىي ماتېرىيال، بۇ ھەرگىز تارىخىي يەكۈن ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ئېلىش، يالغىنىنى چىقىرىۋېتىپ راستىنى قالدۇرۇپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوبيېكتىپ تارىخىي قانۇنىيەتنى ئاشكارىلاپ چىقىشىمىز كېرەك.

قىسقىسى، بۇ خىلدىكى ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشلار، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى ماتېرىياللار تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تارىخنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشى ۋە ئىزدىنىشىگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

## تۆمۈر سىجاڭنىڭ مارالبېشىغا كېلىشى ۋە سوغۇن قوزغىلىڭى

**1932- يىلىنىڭ ئاخىرى، 1933- يىلىنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىن باشلانغان قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىپ كورلىغىچە قانات يايدى. تۆمۈر ئېلى (دەسلەپتە تۆمۈر تۆەنجاڭ دەپ ئاتىلاتتى) كورلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈزلىنىپ قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ دېۋىزىيە باشلىقى جىن شۈجى (جىن شۇرېننىڭ 4- ئىنىسى) قورقۇپ كېتىپ دورا يەپ ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر دوتيىيى ما شاۋۋۇ (ما دوتەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قۇشۇمچە دېۋىزىيە سىجاڭلىقىغا تەيىنلەندى.**

**تۆمۈر ئېلى كۇچارنى ئېلىپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ياقا ئېرىقتا بىر مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ ئاقسۇنى ئىشغال قىلدى، بۇ چاغدا ما**

دوتەي خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇلاردىن بىرەر مىڭچە ئەسكەر تەشكىللەپ ياڭ چىڭمىن ئىسمىلىك بىر خۇيزۇنى (ئۇنى ياڭ دارىنمۇ دېيىشەتتى) تۇەنجاڭ قىلىپ تۆمۈر ئېلىنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشىغا ئەۋەتتى. ياڭ تۇەنجاڭ ۋە لى دېگرۇڭ دېگەن تۇەنجاڭلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مارالبېشىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۇمشۇق دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

تۆمۈر ئېلى ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىپ تۇمشۇقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تەڭتوغراق دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتى. تۇمشۇق بىلەن تەڭتوغراقنىڭ ئارىلىقى 20 كىلومېتىردەك كېلىدۇ. بۇ چاغدا قارا شەھەردىكى ما شىمىڭ ئەۋەتكەن ما زىخۇي (ما جەنساڭ) مۇ بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرى بىلەن كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن تۇمشۇق ئۇرۇشى باشلاندى. بۇ ئۇرۇش 3- ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ 47 كۈن داۋام قىلدى. ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولدى. نەتىجىدە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كۆپ چىقىم تارتىپ ئىلاجسىزلىقتىن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ ۋەكىل ئەۋەتتى. ۋەكىللەردىن ئەۋەتكەن خېتىدە:«بىز ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان، ئۇرۇشنى توختىتىپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزەيلى. ما دوتەيىنىڭ پىكرىمۇ شۇنداق!» دېيىلگەن. ئۇنىڭ مەقسىتى ما جەنساڭ بىلەن بىرلىشىۋېلىپ تۆمۈر سىجاڭنى چەتكە قاقماقچى. تۆمۈر ئېلى ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەي ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

ئەمدى بۇ ئۇرۇشنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئوسمان ئېلى (قىرغىز) ۋەقەسىدە بىر ئاز توختىلىمىز:

1933- يىلى 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ما دوتەي ئۈچتۇرپان قاقشال يولىنى توسۇش ئۈچۈن سوغۇن چازىسى (قاراۋۇللۇق ئورنى) غا ئەسكەر

ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى (قىرغىز) قەشقەر دوتەي يامۇلىدا نەزەربەندتە ئىدى. ما دوتەي خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىزلاردىن تەركىب تاپقان 400 چە ئەسكەر تەشكىللەپ جىڭ تۇڭلىڭنى يىڭجاڭ، ئوسمان ئېلىنى نەزەربەندتىن بوشىتىپ لىيەنجاڭلىققا تەيىنلەپ سوغۇنغا ئەۋەتىدۇ. (سوغۇن ـ ئاتۇشتىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تار جىلغىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان بولۇپ ئۇزۇندىن بىرى ئەسكەر تۇرۇپ كېلىۋاتقان جازا) ئوسمان ئېلىنىڭ قول ئاستىدا ئورازبەگ، ئابلابەگ، توختى بەگ قاتارلىق بىر قانچە داڭلىق سەركەردىلەر بار ئىدى. ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە سوغۇنغا يېتىپ بارغىچە تازا ئىشەنچ قىلالماي قورال تارقىتىپ بەرمەيدۇ. بۇ 400 دەك ئەسكەر 3ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى ئاتۇشقا كېلىپ بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى سوغۇنغا يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن قىرغىز ئەسكەرلەرگە قورال تارقىتىپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا مارالبېشى تۇمشۇقتا تۆمۈر سىجاڭ ما دوتەي ئەۋەتكەن ياڭ تۇەنجاڭ بىلەن (ياڭ چىڭمىن) ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ئېلى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئابلابەگ، ئورازبەگلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ تۆمۈر سىجاڭ تەرەپكە ئۆتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ خەت ئەۋەتىدۇ.

خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ھۆرمەتلىك تۆمۈر سىجاڭ، سىلى بولسا ئاتا، بىز بولساق بالا، بىز سىلى ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجىغا بەيئەت قىلىمىز. ئەگەر سىلى رۇخسەت قىلسىلا بىز سوغۇندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ما دوتەي ئەسكەرلىرىدىن قورال تارتىۋېلىپ، سىلىگە ياردەمدە بولساق...»

ئوسمان ئەۋەتكەن ئىككى كىشى تۆمۈر سىجاڭنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ خەتنى تاپشۇرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭدىن بەك خوش بولۇپ ئۇلارغا بىر پارچە جاۋاب خەت يازىدۇ. خەت بىلەن بىرگە «فى سەبىلىللا» دەپ

يېزىلغان بىر بايراق ئەۋەتىدۇ. ئۇلار خەت بىلەن بايراقنى ئېلىپ سوغۇنغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇ كېچىسى ئوسمان ئېلى قول ئاستىدىكى ئوراز بەگ، ئابلا بەگ، توختى بەگ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ تاڭغا يېقىن چىن تۆگىلىن ئەسكەرلىرى ياتقان گازارمىنى قورشىۋېلىپ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇلار قورشاۋدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلالماي تەسلىم بولىدۇ. ھەم قوراللىرىنى تاپشۇرىدۇ. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئاتۇشقا ۋە تاغقا تارقىلىدۇ. بىز ئاتۇش خەلقى ئوسماننىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ چاپسانراق ئاتۇشقا يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇق (ئۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، شۇ چاغدا ھۆكۈمەت تەرەپتىن خەلققە بولغان زۇلۇم ۋە ئالۋان- ياساق بەك كۆپىيىپ كەتكەنىدى).

شۇ چاغدا مەن (ئابدۇقادىر ھاجى) ئاتۇشتا ئىدىم، ئوسماننىڭ ئاتۇشقا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يۈسۈپ ئاخۇن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇم، سايىت ئاخۇن، ئابلىراخۇن قاتارلىق بەش كىشى يۈسۈپ ئاخۇننىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ئوسماننى قانداق كۈتۈۋېلىشنى ھەم ئۆزىمىزنىڭمۇ ئوسمانغا ئەسكەر بولىدىغانلىقىمىزنى مەسلىھەتلەشتۇق. 33- يىلى 3- ئاينىڭ 29- كۈنى ئوسماننىڭ ئاتۇشقا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق.

شۇ كۈنى ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئاتۇش خەلقى دېگۈدەك شور ئېرىقنىڭ بېدىلىك دېگەن يېرىگە چىقىپ، ئوتۇن، سامان، بېدە، نان قاتارلىق تەمنات بۇيۇملىرىنى تەييارلاپ ئون نەچچە قوي سويۇپ، چۈشكۈن راسلاپ داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدۇق.

ئوسمان ئېلىنىڭ بىر بۆلۈك ئەسكەرلىرى ھەممىنىڭ ئالدىدا يېتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوسمان ئېلى ئۆزى كېلىپ خەلقنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. بىز ھەممىمىز يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «ئامىن» دەپ ئۇنى تەبرىكلىدۇق. ئوسمان ئۇچىسىغا بەقەسەم تون، پۇتىغا مەسە- كالاچ كىيگەن بولۇپ بېشىغا يېشىل سەللە ئورىۋالغانىدى.

ئوسمان بەگنىڭ ئاتۇشقا كەلگەن ئەسكىرى 600- 700 دەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يېڭىدىن قوشۇلغان قىرغىز ياشلىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە قورالى بار ئەسكەرلەر 400 دىن ئاشمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئات ئۈستىدە ئوزۇقلاندى. شۇ كۈنى ئوسمان ئېلى شور ئېرىقتا قونماي، بىخەتەررەك جاي (تاغنىڭ ئىچى) بوغۇزغا يۈرۈپ كەتتى. بوغۇز ئاتۇشتىن ئارغۇغا بارىدىغان ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى جىلغا بولۇپ، ھاۋاسى ياخشى، مەنزىرىلىك جاي ئىدى. دادام (ياقۇپ) باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر ئوسمان تۆەنجاڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بوغۇزغا چىقىپ كەتتى. دادام قايتىپ كىرگەندىن كېيىن مەن چىقتىم. مەن، يۈسۈپ ئاخۇن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇم، سايىت ئاخۇن تۆتىمىز بىرلىكتە ئوسمان تۆەنجاڭنىڭ چېدىرىغا باردۇق. ئۇ چېدىرنىڭ ئالدىدا ئىككى ئەسكەر پوستتا تۇرغانىكەن، خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن بىزنى قوبۇل قىلدى. بىز ئوسمان تۆەنجاڭغا ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ئەسكەر بولىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. ئوسمان تۆەنجاڭ بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئىسمىمىزنى يېزىۋالدى ھەمدە ماڭا بىر دەپتەر، بىر قېرىنداش بېرىپ، يەنە ئەسكەر بولىدىغانلارنى تىزىملاشنى، ئۆزىنىڭمۇ ئەتە ئاتۇشقا بارىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا تىزىملانغان ئەسكەرلەرنى ئېلىپ ئۈستۈن ئاتۇش، ئۈچ مىرۋانغا بېرىشىمىزنى تاپشۇردى. بىز ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ مەھەللىلەردە ئەسكەر بولىدىغانلارنى تىزىملاشقا كىرىشتۇق. شۇ بىر كۈندە 18 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان

ياشلاردىن 120 كىشى ئۆزىنى ئەسكەرلىككە تىزىملاتتى. بۇ 3- ئاينىڭ 29- كۈنىدىكى ئىش ئىدى. مەن ئەتىسى ئۆيگە بېرىپ بىر پاختىلىق چاپان، بىر كۆرپە، بىر ئاز نان ھەمدە ئۆيدە ساقلاپ يۈرگەن بىر دانە كونا تاپانچىنى ئېلىپ (3- ئاينىڭ 30- كۈنى) ئەتىگەندە ئاتلىق ئاچچىقيارغا يېتىپ باردىم. مەن بارغاندا بىر ئاز ئادەم بار ئىكەن. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە بولۇپ 150 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىدىن تىزىلىپ، ئۈچ مىرۋانىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. شۇ ئوتتۇرىدا بىزنى تەبرىكلەپ 100 دەك ئوقۇغۇچى ئالدىمىزغا چىقتى. ئۇلارنى كۆرۈپ بىز ئۇلاغدىن چۈشتۇق. ئۇلار ئىنقىلابنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشا تەييارلىغان ئىكەن ئۇنى ئوقۇپ بەردى. بىز ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۈچ مىرۋانىغا يېتىپ بېرىپ، ئوسمان تۆمۈنجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇق. تۆمۈنجاڭ بىزنى قانچە كىشى بىلەن كەلدىڭلار، دەپ سورىدى. بىز 150 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق. ئوسمان تۆمۈنجاڭ قۇلىغا قەلەم، قەغەز ئېلىپ مېنى ئۆزىگە تۆمۈنجاڭ قىلغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق يېزىپ بەردى. يۈسۈپ ئاخۇن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇم، سايىت ئاخۇنلارغا لىيەنجاڭلىق خىزمىتىنى بەردى. بۇندىن كېيىن، ئىككى ئاتۇشتىن (ئۈستۈن ئاتۇش، ئاستىن ئاتۇش) ئەسكەرلىككە يېزىلىدىغانلارنى سىز تىزىملاپ، ماڭا ئومۇمى سانىنى مەلۇم قىلىڭ، دەپ تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەر كۈنى ئەسكەرلىككە كەلگەنلەرنى تىزىملاپ ماڭدىم. ئۈستۈن ئاتۇشتىن ئىدرىس 70- 80 دەك ئادەمنى، غۇپۇر داموللام 50- 60 دەك ئادەمنى باشلاپ ئوسمان تۆمۈنجاڭنىڭ قېشىغا بارغان ئىكەن. ئۇلارنىمۇ مەن تىزىمغا ئالدىم. شۇنداق قىلىپ ئەسكەرلىككە يېزىلغان كىشلەرنىڭ سانى بىر ھەپتە ئىچىدىلا 350 دىن ئېشىپ كەتتى. ئوسمان تۆمۈنجاڭ بۇنى ئاڭلاپ، قورال،

تەمىنات مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسكەر ئېلىشنى توختىتىشنى تاپشۇردى. دېمىسىمۇ ئەسكەر 1000 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى. لېكىن قورال 500 گە يەتمەيتتى. بىر ياخشى يېرى بەشكېرەم، ئاتۇش دېھقانلىرى ئاتلىرىمىزنى بېدە، سامان، بىزنى ئاش- نان بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەپ تۇردى. بىزمۇ مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، دېھقانلار ئېلىپ كەلگەن ئوتۇن، سامان، يەم- بوغۇز، ئۇن، نان قاتارلىقلارنى تىزىملاپ ھەرقايسى لىيەنلەرگە ئادەم بېشىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىپ تۇردۇق. بىزنىڭ شۇ چاغدا تۇرغان ئورنىمىز تۇتتۇرگە ئىدى.

شۇ چاغدا بىزنىڭ ھەربىي مەشقىمىزنى باۋۇدۇن باينىڭ ئۇستىن ئاتۇشتا ئاچقان يېڭى مەكتىپىدە ئوقۇپ چىققان ئوقۇغۇچىلار بېرەتتى. بىز تۇتتۇرگىدىكى ۋاقتىمىزدا 4- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ما دوتەي 60- 70 دەك ئەسكەرگە جەنرال (گېنېرال) ساھىب دېگەن بىر ئاۋغاننى باشلىق قىلىپ بىز بىلەن سىناق تەرىقىسىدە ئۇرۇش قىلىشقا چىقاردى. جەنرال ساھىب ئەسكەرلىرىنى باشلاپ توققۇز ھۇجرا بار تاغنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە بىزنىڭ ئۇ يەردە رازۋېدكىغا چىقارغان ئەسكەرلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇ ھەمدە يېرىم سائەتتەك ئۇرۇشدۇ. بىزنىڭ رازۋېدكا ئەسكەرلىرىمىز چەنلەپ ئېتىپ جەنرال ساھىبنىڭ بەش ئادىمىنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىككىسى شۇ مەيداندىلا جان ئۈزىدۇ، ئۈچى يارىدار بولىدۇ. بىز بۇنى شۇ جايدىكى دېھقانلارغا ئۆلگەنلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇشنى، يارىدارلارنى داۋالاپ ساقايتىشنى تاپىلاپ تاپشۇرۇپ بەردۇق ھەم بىر ئەسكەرنى ئەسىر ئالدۇق.

ئۇ چاغدا بىزدە كېسەللەرگە بېرىدىغان دورا ياكى تاڭىدىغانغا بىرەر تال ماتا مۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دورا، ماتا تەييارلاپ قويىدىغان بولدۇق. شۇ كۈنى قولىمىزغا چۈشكەن بىر ئەسىر: قەشقەر شەھىرى يۈملاق شەھەر كۆلبېشىدىكى سېپىل ئىچىدە ما دوتەيىنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ بولۇپ 1000 ئەسكىرى بار. دوتەي يامۇلدا ما دوتەيىنى ساقلايدىغان 200 دەك ئەسكەر بار. يېڭىشەھەردە 1000 دەك ئەسكەر بار. شەھەر دەرۋازىلىرى ئېتىكلىك، مۇھاپىزەت ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇنىڭدىن باشقا مەھەممەتخان بېك باشچىلىقىدا 200 دەك ئۇيغۇر ئەسكەر بار. ئۇلار سېپىلنى ساقلاۋاتىدۇ، دەپ سۆزلەپ بەردى.

تۆمۈر سىجاڭ مارالبېشىنىڭ تۇمشۇقتا ياڭ چىڭمىن بىلەن 40 نەچچە كۈن سوقۇشتى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى پىداكارلىق كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ياڭ تۈەنجاڭ يېڭىلىپ، پۈتنغا ئوق تېگىپ يارىلاندى. ئۇلار ناھايىتى پاراكەندە، چۇۋالچاق ھالدا تۇمشۇقتىن قېچىپ سېرىقبۇيا، تېرىم، خانئېرىق ئارقىلىق يېڭىشەھەرگە كېلىپ دەرۋازىنى تاقىۋالدى. تۆمۈر سىجاڭ ياڭ چىڭمىننى يېڭىپ، تۇمشۇقتىن مارالبېشىغا كېلىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى.

****************

تۆمۈر سىجاڭ پەيزىۋاتقا كەلگەندە ئوسمان ئېلى ئاتۇشتىن پەيزىۋاتقا كېلىپ تۆمۈر سىجاڭ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ چاغدا مەنمۇ بار ئىدىم. شۇ ئاخشىمى بۇلار ئۇزاق پاراڭ سېلىشتى. تۆمۈر سىجاڭ سۆغۇندىكى قوزغىلاڭنى ھەمدە ئوسمان ئېلىنى ئالاھىدە ماختىدى. تۆمۈر سىجاڭ:«مەن ما دوتەيگە ۋەكىل ئەۋەتتىم، تىنچلىق بىلەن قورال تاپشۇرۇش ياكى ئۇرۇشۇش

تۇغرىسىدا ئەتە- ئۆگۈن جاۋاب كېلىدۇ. ما جەنساڭ (ما زىخۇيمۇ) ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە پەيزىۋاتقا يېتىپ كېلىدۇ، شۇ چاغدا ما دوتەيىنىڭ جاۋابىغا قاراپ مازىخۇي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قەشقەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىمىز، شۇنىڭغىچىلىك سىلەر يەنىلا قەشقەر ئەتراپىدا، شەھەرگە تەگمەي تۇرۇڭلار، قەشقەر شەھىرىدە ئادەم كۆپ، ئۇرۇش بولۇپ قالسا، كۆپ ئادەم قىرىلىپ كېتىدۇ، شۇڭا مۇمكىن قەدەر ئۇرۇش قىلماي تىنچلىق بىلەن كىرگىنىمىز تۈزۈك» دېدى. ئوسمان ئېلى بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئاياغلىشىپ ئەتىسى (4- ئاينىڭ 30- كۈنى) ئەتىگەندە يولغا چىقىپ ئاخشىمى ئاتۇشقا يېتىپ كەلدۇق.

## ئوسماننىڭ شەھەرگە كىرىشى

ئوسمان ئېلى ئەتىسى قىرغىز لىيەنجاڭلار يىغىنى ئېچىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ كېلىشىنى كۈتمەي شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىپتۇ. بىزگە شۇ ئاخشىمى ئۇقتۇرۇش قىلدى. 33- يىل 5- ئاينىڭ 2- كۈنى (1352- يىل مۇھەررەم ئېيىنىڭ 7- كۈنى) سائەت 10 لاردا قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. كەلسەك، شەھەرنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرى تاقاقلىقكەن، سېپىلنىڭ ئۈستىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بەك كۆپ ئىكەن، بىزنىڭ كېلىشىمىزگە بىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. بىزمۇ ئوق چىقاردۇق، بىر ئاز ئۇرۇشتۇق، ئاخىرى بولماي، يار باغ، تۆشۈك دەرۋازىلىرىغا كىرسىن چېچىپ ئوت قويدۇق. بۇ چاغدا سېپىل ئۈستىدىكى ئەسكەرلەر سېپىلدىن چۈشۈپ كەتتى. خەنزۇ ئەسكەرلەر يۇملاق شەھەرگە كىرىپ دەرۋازىنى ئېتىۋالدى. مەھەممەتخان بېك باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئوردا ئالدىدىكى قازىخانىغا كىرىۋاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا يار باغ دەرۋازىسى كۆيۈپ، ئۆرۈلگىچە دەرۋازىغا

قارايدىغان بىر ئۇيغۇر ئاقساقال دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ قىرغىز ئەسكەرلەر سېپىلغا چىقىپ، يۇمىلاق شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ما دوتەي ئەسكەرلىرىگە ۋەكىل كىرگۈزۈپ قورال تاپشۇرۇشقا قىستىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ جېنىغا ۋە مال- مۈلكىگە دەخلى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىز ئاتۇشتىن قوشۇلغان ئەسكەرلەر تۆشۈك دەرۋازىنىڭ بىر قانتى كۆيۈپ، دەرۋازا ئۆرۈلگەندىن كېيىن شەھەرگە بېسىپ كىرىپ ئۇدۇللا ئوردا ئالدى قازىخانىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى مۇھەممەتخان بېك بىلەن كۆرۈشۈپ قورال تاپشۇرۇشنى ئېيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەھەممەتخان بېك بۇيرۇق قىلىۋىدى، 200 تالدەك مىلتىق، بىر قانچە ساندۇق ئوق-دورىنى قازىخانىنىڭ ھويلىسىغا دۆۋىلىدى، مەھەممەتخان بېكنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇلارنىڭ تەشكىل قىلىنغىنىغا تېخى بىر ئايمۇ بولمىغان. ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت سېپىل ئۈستىدە كۆزەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. بىز ئۇلارنىڭ ئۇقۇشماسلىقتىن ئوق چىقىرىپ تاشلىدۇق دېگەن ئۆزرىخاھلىقىنى ئاڭلاپ كەچۈرۈم قىلىپ قويىۋەتتۇق. ئۇلارمۇ خۇرسەن بولۇپ كېتىشتى.

ما دوتەينىڭ سېپىلغا ئەسكەر چىقىرىشى بىز بىلەن ئۇرۇشۇش بولماستىن، ما جەنساڭ كەلگۈچە ئىككى- ئۈچ كۈن توسۇپ تۇرۇپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ما جەنساڭ كەلگەندە قورالنى شۇنىڭغا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن. كېيىنكى ئەمەلىيەتمۇ شۇنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى ما جەنساڭ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىزنى شەھەرگە تەگمەڭلار، دوتەي يامۇلغا كىرمەڭلار. دېگەن بۇيرۇقىدىن ما دوتەينى خەۋەردار قىلىپ تۇرغانىكەن. لېكىن كېيىنكى

ئەھۋال ما دوتەيىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىدى. شۇ ئارىلىقتا كىچىك ئاخۇن، سىتىۋالدىجانلار بىر ئاز ئادەم توپلاپ، قىرغىز ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە يۇملاق شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، كىچىك ئاخۇن 200 دەك قورالغا ئىگە بولغان. ئەتىسى ئۇلار ئوسمان ئېلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ئوسمان ئېلىغا بويسۇندىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئوسمان ئېلى قوبۇل كۆرۈپ، سىتىۋالدىجاننى لىيەنجاڭلىققا، يۇسۇپجاننى مۇئاۋىن لىيەنجاڭلىققا تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. دېمەك تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ما جەنساڭ كەلگۈچە قەشقەر شەھەر ئىچىدە دوتەي يامۇلىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى ئېلىنىپ بولدى. دوتەي يامۇلىدا ما دوتەي 200 دەك ئەسكەر بىلەن بېكىنىپ ياتقاندى. چۈنكى تۆمۈر سىجاڭ، ما دوتەيگە تەگمەڭلار، ئۇنى ما جەنساڭ (چولاق زىخۇي دەپمۇ ئاتىشىدۇ) بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىمىز، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى.

## تۆمۈر سىجاڭنىڭ قەشقەرگە كىرىشى

5- ئاينىڭ 4- كۈنى تۆمۈر سىجاڭ پەيزىۋاتتىن قەشقەرگە يېتىپ كېلىدىكەن دېگەن خەۋەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن دۆلەتباغقا چۈشكۈن (چاجاڭ) راسلاندى. شەھەرگە ئوراز لىيەنجاڭ بىلەن يۇسۇپ لىيەنجاڭنى مەسئۇل قىلىپ قالدۇرۇپ، ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدا 400 دەك ئەسكەر ئىستىقبالىغا چىقتۇق. دۆلەتباغدا چۈشكۈن راسلىغان يەردە شەھەردىن چىققان ئادەم ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇ يەردە 200 دەك ئەسكەرنى قالدۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپ ئاراباغ دېگەن يەردە ئالدىغا باردۇق. ئۇ يەردىمۇ چۈشكۈن راسلانغان بولۇپ بۇ يەردىمۇ ئالدىغا چىققان ئادەم بەك كۆپ ئىدى. بىز ئۇ يەردە بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا

تۆمۈر سىجاڭ يېتىپ كەلدى. بىز ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردۇق، بىزنى كۆرۈپ تۆمۈر سىجاڭمۇ ئاتتىن چۈشۈپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن چۈشكۈنگە باشلاپ كىردۇق، بىز ئازدىن كېيىن زىياپەت بېرىلدى. ئاندىن ئوسمان ئېلى شەھەردە دوتەي يامۇلىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىنجىغانلىقىنى دوكلات قىلدى. سىجاڭ «ياخشى بوپتۇ» دەپ بېشىنى لىڭشىتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىغا رەنجىگەن ئالامەت چىقىپ تۇراتتى.

تۆمۈر سىجاڭ زىياپەتتىن كېيىن شەھەرگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇنىڭ 1500 دەك ئەسكىرى بولۇپ، ئۇلار ئىككىدىن تىزىلىپ ماڭدى. دۆلەتباغدىكى چۈشكۈنگە كەلگەندە يەنە ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇ يەردىكى ئالدىغا چىققان ئاما بىلەن كۆرۈشتى. دۆلەتباغدا زىياپەت بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، سىجاڭ باشلىق ھەممە باشلىقلار ئاتلىنىپ تۆشۈك دەرۋازىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. تۆشۈك دەرۋازىسىغا كەلسەك، شەھەر ئاھالىسى ئىستىقبالغا چىققانىكەن، ئۇلار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ «ئامىن، ئامىن» دەپ ئۈنلۈك توۋلىشىپ قارشى ئالدى. شەھەر ئاھالىسى (ئۇ چاغدا ئامىن دېگەن سۆز چاۋاك ئورنىدا ھەم ياشىسۇن دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلەتتى). تۆشۈك دەرۋازىسىدىن تۆمۈر سىجاڭ چۈشۈشكە راسلانغان قۇم دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى مامۇتخان بايۋەچچىنىڭ بېغىغىچە بولغان تۆت كىلومېتىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى ئالدى. سىجاڭ باغقا ئورۇنلاشتى. ئەسكەرلەر شۇ ئەتراپتىكى سارايلارغا ئورۇنلاشتى. ئوسمان ئېلى بىلەن بىز يۈملاق شەھەرگە كىرىپ كەتتۇق. مەن يار باغدىكى تېرەكلىك دېگەن جايغا ئورۇنلاشتىم. تۆمۈر سىجاڭ ئورۇنلاشقان باغنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەشكىچە ناغرا-سۇناينىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمىدى. بازار

ناھايىتى قىزىپ كەتكەن ئىدى. ھەر كۈنى تەرەپ- تەرەپتىن سىجاڭنى تەبرىكلەپ كەلگەن يۇرت ئاقساقاللىرى، ئاخۇنلار، بايلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. 5- ئاينىڭ 6- كۈنى ما جەنساڭنىڭ پەيزىۋاتتىن قەشقەرگە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى تۆمۈر سىجاڭ 200 ئەسكەر بىلەن، ئوسمان ئېلىمۇ 200 ئەسكەر بىلەن ئىستىقبالغا چىقتۇق. ئۇنىڭغىمۇ دۆلەتباغقا چۈشكۈن راسلىدۇق. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى 300 دەك بولۇپ، ئات، قوراللىرى خىل، ھەممىسى يېڭى كىيىم كىيگەنىدى. ئۇنىڭغا ئاقسۇدىكى باي ئاخۇننىڭ كىيىمچىلىك كارخانىسىدا تىكتۈرگەن كىيىملەر بېرىلگەنىكەن. ئۇلار مىلتىقلىرىنى دولىسىغا ئاساي ھەممىسى ھازىر ئۇرۇشىدىغاندەكلا قوللىرىغا ئېلىۋالغان. ئۇنىڭ ئالدىغا ما دوتەيمۇ ئىككى ۋەكىل چىقارغانىكەن (تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا ۋەكىل چىقارمىغانىدى). ئۇلار ما جەنساڭ بىلەن كۆرۈشتى. زىياپەتتىن كېيىن ما دوتەي چىقارغان ۋەكىل بىلەن ما دوتەينىڭ قېشىغا (دوتەي يامۇلىغا) كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا شەھەر ئاھالىسى چىقمىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ما جەنساڭ دوتەي يامۇلىغا كىرىپ ما دوتەي بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن. بۇنى ئاڭلىغان شەھەر ئاھالىسىدە ما جەنساڭغا قارىتا بىر خىل گۇمان ۋە غەزەپلىنىش كەيپىياتى كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ما جەنساڭنىڭ 300 دەك ئەسكىرى ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 500 دىن ئېشىپ كەتتى. 200 دەك ئەسكەر دوتەي يامۇلىدا ما دوتەينى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى. 300 دەك ئەسكەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى قوغدىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئېلى ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭغا دوتەي يامۇلىدىكى ما دوتەي

ئەسكەرلىرىنى يىغىشەھەرگە چىقىرىۋېتىش- چىقارماسلىق ئۈستىدىكى تالاش- تارتىش سەۋەب بولغانىدى.

## تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئېلى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت

1933- يىلى 5- ئاينىڭ 10- كۈنى ئاخشىمى ئوسمان ئېلى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى لىيەنجاڭلاردىن ئورازبېك، ئابلابېك، توختى بېك، يۈسۈپجان ۋە مېنى يىغىپ، ما جەنساڭ مەسلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئوسمان ئېلى مۇنداق دېدى:«تۆمۈر سىجاڭ ما جەنساڭنى دوست تۇتۇپ يېنىغا ئېلىۋېلىپ بىزگە يامان كۆز بىلەن قاراۋاتىدۇ، ئاخىرى بېرىپ ما جەنساڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى بىزگە سالامدۇ- قانداق؟ ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىساق بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تۆمۈر سىجاڭغا بىر نېمە دېسەك رەنجىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆزۈن يەردىن ئىنقىلاب قىلىپ كەلدى. ئۇ بىزنى قانچە يامان كۆرسىمۇ بىز ئۇنى ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. شۇڭا تۆمۈر سىجاڭغا ئۇقتۇرماي ما دوتەي بىلەن ما جەنساڭنى ئايرىۋېتىشىمىز ھەم ئۇنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. سىلەر قانداق قارايسىلەر؟» دېدى. بىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى، ما دوتەي بىلەن ما جەنساڭ مەسلىسىنى بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەم شەھەرنى ئازات قىلدۇق دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇق.

5- ئاينىڭ 11- كۈنى تاڭ سەھەردە ھەرىكەتكە كېلىپ ئوراز لىيەنجاڭ دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىدىكى سارايغا، ئابلا بېك ئامبال يامۇلغا، توختى لىيەنجاڭ بۇتخانا ئارقىسىدىكى مالىيە ئىدارىسىگە، يۈسۈپ لىيەنجاڭ دوتەي يامۇلىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە، ئابدۇقادىر ھاجى مەھكىمىنىڭ ئارقىسىدىكى

گۇڭگاڭغا تېگىش قارار قىلىندى. 5-ئاينىڭ 11- كۈنى سەھەردە ھۇجۇم باشلىدۇق. ما جەنساڭنىڭ باشقا ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ- تۆت سائەت ئۇرۇش قىلىپ، دوتەي يامۇلىنىڭ سىرتىدىكى ما دوتەي ئەسكەرلىرىدىن قورال تارتىۋالدۇق. تېخى يېڭىلا دوتەي يامۇلىنىڭ ئىچىگە ھۇجۇم باشلىۋىدۇق، تۆمۈر سىجاڭدىن ئۇرۇشنى توختىتىش توغرىسىدا ئادەم كەلدى ھەمدە تۆمۈر سىجاڭ ئوسمان ئېلىنى چاقىرتىپ نېمە مەقسەت بىلەن دوتەي يامۇلىغا تېگىسەن، دەپ كايىدى. ئوسمان ئېلى بىزنىڭ مەقسىتىمىز، بىرىنچىدىن، ما دوتەي ئەسكەرلىرىدىن قورال تارتىۋېلىپ دوتەي يامۇلىنى ئازات قىلىش. ئىككىنچىدىن، يېڭىشەھەرنى ئازات قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەردىنمۇ قورال تارتىۋېلىش دەپ جاۋاب بەردى. تۆمۈر سىجاڭ، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ ئىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس، ئۇنى ما جەنساڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ما جەنساڭغا ئادەم كىرگۈزىۋىدى، ما جەنساڭ تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆزى كىرىشنى ئېيتىپتۇ. تۆمۈر سىجاڭ كىرىدىغان بولدى. بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى: ما جەنساڭغا ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرى ھەم دوتەي يامۇلىدىكى قوراللارنى قالدۇرۇپ قۇيۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنىلا ئېلىپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كەتسۇن، ئىككىنچى يېڭىشەھەردىكى ئامباردا ساقلىنىۋاتقان قورال- ياراق، ئوق- دورىلارنى ما جەنساڭ بىلەن بىز تەڭ بۆلۈشىۋالىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمەتكە قاراشلىق مەنقۇلاتلارنىمۇ تەڭ تەقسىم قىلىۋالىمىز دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قۇيۇپ ئوق چىقىرىشنى توختاتقان بولسىمۇ، لېكىن ما دوتەي ئەسكەرلىرى ئېتىشنى توختاتمىدى. شۇ كۈنى ئۇرۇشتا ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن ئۈچ كىشى ئۆلدى. يەتتە كىشى يارىدار بولدى.

تۆمۈر سىجاڭ شۇ كۈنى دوتەي ياملۇلىغا كىرىپ، ما جەنساڭ بىلەن سۆھبەت باشلىدى.

سۆھبەت ناھايىتى ئۇزۇن تالاش- تارتىشلاردىن كېيىن تۆۋەندىكى كېلىشىمگە كەلگەن:

(1) ما جەنساڭ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ۋە ما دوتەيىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوراللىرى بىلەن قوشۇپ يېڭىشەھەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىش؛

(2) دوتەي ياملۇلىنىڭ ئامبىرىدىكى قورال ۋە باشقا مەنقۇلاتلارنى قالدۇرۇپ كېتىش؛

(3) يېڭىشەھەردىكى قورال ۋە باشقا مەنقۇلاتلارنى تۆمۈر سىجاڭ بىلەن تەڭ بۆلۈشۈش؛

(4) ما دوتەيىنى يېڭىشەھەرگە بىرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىش؛

(5) ما دوتەي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئوسمان ئېلى قولغا چۈشۈرگەن قۇراللارنى قايتۇرۇپ بېرىش.

بۇ توختامنى ئوسمان ئېلى كۆرگەندىن كېيىن قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن تۆمۈر سىجاڭ ئىمزا قويۇپ بولغانلىقتىن توختامنى بۇزالمىدى. ما دوتەيىنىڭ ما جەنساڭ بىلەن يېڭىشەھەرگە چىقىپ كىتىشكە يول قويماي، ئۇنى بالا- چاقىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ لەنگەردىكى بېغىدا تۇرۇشقا؛ ئۇنىڭ مال- مۈلكى، ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە قىلدى. ما دوتەي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرگەن قورالنىڭ ھەممىسىنى

ئەمەس، بىر قىسمى (200 دەك ئات، 50- 60 ملتىق تال) قايتۇرۇپ بېرىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن 5-ئاينىڭ 14-، 15- كۈنلىرى ما جەنساڭ يېڭىشەھەرگە كۆچۈشكە باشلىدى. 15- كۈنى ما دوتەي ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئوسمان تۆەنجاڭ ئۆي سايمانلىرى بېسىلغان بىر هارۋىنى تاسادىپى تەكشۈرىۋىدى، ئۇنىڭدىن قورال چىقتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن هارۋىلارنى تەكشۈرۈپ 200 دەك يېڭى ملتىق، ئون نەچچە ساندۇق ئوق تېپىۋالدى. دېمەك توختام بويىچە دوتەي يامۇلدىكى قوراللارنى قالدۇرۇپ كېتىش كېرەك ئىدى. لېكىن توختامغا خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن قورال توغرۇلۇق ما جەنساڭ گەپ قىلالماي قالدى. بىراق يېڭىشەھەردىكى تەڭ تەقسىم قىلىۋالىمىز دېگەن قۇرالنى بەرمىدى. بۇنىڭغا تۆمۈر سىجاڭمۇ گەپ قىلمىدى.

ما جەنساڭ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىپ ئەسكىرىنى 1500 گە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، هەربىي مەشقنى كۈچەيتىۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىشەھەر ئامبىلىنى ئىشقا سېلىپ، زاپاس ئاشلىق توپلاشقا كىرىشتى. ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭ دوتەي يامۇلغا كۆچۈپ كىردى.

## زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىششى

ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى هەربىي مەشقنى كۈچەيتتى. تۆمۈر سىجاڭ بولسا، ناغرا- سۇناي چالدۇرۇپ قويۇپ، باغدا مېهماندارچىلىق بىلەن بەخىرامان يۈردى. ما جەنساڭ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىش ئالدىدا

ئۆزلۈكىدىنلا تۆمۈر ئېلىگە سىجاڭلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ ما دوتەيىنىڭ تامغىسىنى تۇتقۇزۇپ قويىدى. ئوسمان ئېلى، ھاپىز بېك، ئەخمەتجان، ھامۇتخان، ھەمدەم بەگ ھاجى قاتارلىق بەش كىشىگە لۈيجاڭلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ تامغا ئويدۇرۇپ كىرگۈزۈپ بېرىپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆستۈرگەنلىكىنى نامايىش قىلدى. بۇنىڭغا ئوسمان ئېلى قاتتىق نارازى بولدى، نېمە ئۈچۈن بىزگە تۆمۈر سىجاڭ بەرمەي ما جەنساڭ بېرىدۇ؟ تۆمۈر سىجاڭغا سىجاڭلىقنى بىز ھەربىيلەر بەرمەي نېمە ئۈچۈن ما جەنساڭ بېرىدۇ؟ بىز يەنە ما جەنساڭغا قارامدۇق؟ بۇنىڭغا يول قۇيۇشقا بولمايدۇ، دەپ نارازىلىق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭ، ئوسمان لۈيجاڭلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولۇۋەردى. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا تۆمۈر سىجاڭ ئېلى ھاجىمنى قارا شەھەرگە خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەمگە ئەۋەتتى، ھاپىز لۈيجاڭنى يەكەنگە، ئەخمەتجان لۈيجاڭنى يېڭىسارغا ئەۋەتتى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ قېشىدا پەقەت ھامۇتخان لۈيجاڭ، ھەمدەم بەگ ھاجى لۈيجاڭ، سېيتۋالدىجان، يۈسۈپجان، كىچىك ئاخۇنلار قالدى. بۇلارنىڭ ئومۇمى ئەسكەر سانى 1200 دىن ئاشمايتتى، ئىنتىزامىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئوسمان لۈيجاڭنىڭ قارمىقىدىكى ئوراز تۈەنجاڭ، ئابلا تۈەنجاڭ، توختى تۈەنجاڭ، ئابدۇقادىر ھاجىملارنىڭ قولىدا 1100 دەك ئەسكەر بار ئىدى. دېمەك شۇ چاغدىمۇ تۆمۈر سىجاڭنىڭ قەشقەردىكى ئەسكىرى 2300 دەك كېلەتتى، يەنىلا ما جەنساڭغا قارىغاندا تۆمۈر سىجاڭ ئۈستۈنلۈكتە ئىدى ھەم ما جەنساڭنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيتتى. چۈنكى ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى شەھەردە زەربە يەپ بەك قورقۇپ كەتكەنىدى، بۇ چاغدا بۇنىڭغا تۆمۈر سىجاڭ پەقەت كۆڭۈل بۆلمىدى، بۇ پۇرسەتتىن ما

جەنساڭ پايدىلىنىپ كەتتى. ئوتتۇرىغا پىتنە- پاسات تېرىدى، شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىش قىلدى.

بىر قاتار ئىشلار ئوسمان لۈيجاڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا تۆمۈر سىجاڭ كۇچاردىن ئالغاچ كەلگەن نىزامىدىن ئەپەندى دېگەن كىشى بەك ھاكاۋۇر، سوغۇق چىراي ئادەم بولۇپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇ ئادەم ھە دېسىلا ئوسمان لۈيجاڭ ۋە باشقا تۈەنجاڭلارنى تۆمۈر سىجاڭغا چېقىپ، ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقنى تېرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي باي ئاخۇنلار قاپلاپ كەتكەندى. تۆمۈر سىجاڭ باي ئەۋلادلىرىدىن ئابدىرىم بايۋەچچە، ئابدۇللا بايۋەچچىلەرگە تۈەنجاڭلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۇلارنى ئەسكەر ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئىبراھىم لوزۇڭغىمۇ ئەسكەر ئېلىشقا قەغەز قىلىپ بەردى. ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ھۆكۈمەت بېرىدىغان، كىيىم- كېچەك ۋە باشقا چىقىمنى بايلار ئۆزى كۆتۈرىدىغان بولۇپ توختام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەدەپ ئۆز ئالدىغا ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

## تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان لۈيجاڭنىڭ ئارىسىنىڭ ئاشكارا بۇزۇلۇشى

بىر كۈنى ئوسمان لۈيجاڭ تۆمۈر سىجاڭنىڭ قېشىغا بارغاندا، تۆمۈر سىجاڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قارا شەھەرگە ئەسكەر ئەۋەتىش لازىم ئىدى، كېچىكىپ قېلىۋاتىدۇ، بالدۇرراق ئەۋەتسەك بولاتتى، بۇنىڭغا سىز قانداق قارايسىز؟ ئوسمان لۈيجاڭ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: سىلى دېگەندەك قارا شەھەرگە ياردەمگە جەزمەن ئەسكەر ئەۋەتىش لازىم. لېكىن قەشقەر يېڭى شەھەر

مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ، قەشقەردىن ئەسكەر يۆتكەش خەۋپلىك، چۈنكى ما جەنساڭ دوتەي يامۇلدىكى كېلىشىمگە ئەمەل قىلماي ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرىنى قوراللىرى بىلەن قوشۇپ ئەپچىقىپ كەتتى. دوتەي يامۇلدا قالدۇرىدىغان قوراللىرىنىمۇ ئوغرىلىقچە ھارۋىغا بېسىپ ماڭغاندا تۇتۇۋالىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ خەۋىرى بار، بىزگە يېڭىشەھەردىن بېرىمىز دېگەن قورالنىڭ بىرسىنىمۇ بەرمىدى، مۇشۇ بىر قاتار ئەھۋاللار ما جەنساڭنىڭ بىزگە دوست بولماستىن بەلكى يامان نىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ئاۋۋال يېڭىشەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ (يېڭىشەھەرنى ئۇرۇش بىلەن ئېلىپ دېمەكچى- ت) خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئاندىن خوجىنىياز ھاجىمغا ئەسكەر ئەۋەتسەك ياخشى بۇلارمىكىن.

تۆمۈر سىجاڭ ئوسمان لۈيجاڭنىڭ پىكرىگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ: ما جەنساڭ بولسا قارا شەھەردىن قەشقەرگە كەلگۈچە بىزگە ياردەملىشىپ كەلدى. ھازىر ئۇنىڭ 2000 چە مۇنتىزىم قوراللىق ئەسكىرى بار (ئوسمانغا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن كۆپتۈرۈپ ئېيتقىنى.) ئىككىنچى ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىم بىرلىكتە ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇ يەردە ئۇلارغا تېگىپ قويساق ما جۇڭيىڭ بىلەن ھاجىمنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ما جەنساڭ مەسىلىسىدە خوجىنىياز ھاجىمدىن بۇيرۇق كۈتۈشىمىز كېرەك.

بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇزۇن تالاش- تارتىش بولىدۇ، بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئوسمان لۈيجاڭ تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكۈزۈپلا

ئوسمان لۈيجاڭ مىنىڭ بىلەن (قادىر ھاجى) سېتىۋالدىجاننى چاقىرىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا يەنە ئەۋەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: سىجاڭغا ئېيتىڭلار. سىجاڭ، ما جەنساڭ بىزگە ياردەملىشىپ كەلدى دەپ يۈز خاتىرە قىلىدىغان بولسا، ئۇقماسلىققا سالسۇن، ما جەنساڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي.

بىز بۇ گەپنى سىجاڭغا ئېيتتۇق، تۆمۈر سىجاڭ بىزگە: مەن ئۆتكەندە ئوسمان لۈيجاڭغا ئېيتقان، ما جەنساڭ مەسىلىسى كىچىك مەسىلە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەۋر قىلسۇن. ما جەنساڭغا تېگىپ قويۇپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلالماي، ئۆزىمىزگە يوغان بىر بالا تېپىۋالىمىز. شۇنداقلا خوجىنياز ھاجىم بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغدۇرۇپ قويىمىز، شۇڭا سىلەر ئوسمان لۈيجاڭغا ئېيتىڭلار، يېڭىشەھەر مەسىلىسىنى ھازىر ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

بىز ئوسمان لۈيجاڭغا تۆمۈر سىجاڭنىڭ پىكرىنى يەتكۈزىۋىدۇق، ئوسمان لۈيجاڭ خاپا بولۇپ: «سىجاڭ دوست- دۈشمەننى ئايرىيالمايۋاتىدۇ، ما جەنساڭنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىزگە ئىشەنچسىز قاراۋاتىدۇ. ما جەنساڭنى دوست تۇتۇۋاتىدۇ. يامان غەرەزلىك ئادەملەر (ۋالىي يۇنۇس بېك بىلەن نىزامىدىن ئەپەندىنى دېمەكچى. ت) سىجاڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ. مەن ئەسلىدە خاتا قىلغان. باشتىلا سىجاڭدىن سورىمايلا، شەھەرنى ئېلىش بىلەن تەڭلا دوتەي يامۇلىنىمۇ ئېلىپ ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا يېڭىشەھەرگە تېگىپ، يېڭىشەھەرنى ئېلىۋەتكەن بولسا بوپتىكەن، شۇ چاغدا ما دوتەيمۇ قورقۇپ، قورال تاپشۇرۇشقا تەييار تۇرغانىدى.

يىغىشەھەردىمۇ ھېچقانچە كۆپ يوق ئىدى. (500- 600 دەك) ئەمدىلىكتە بولسا ما جەنساڭ بىلەن ما دوتەيىنىڭ ئەسكەرلىرى قوشۇلۇپ 1500 گە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلىم - تەربىيىنى كۆچەيتىپ، خېلى مۇنتىزىملىشۋالدى. شۇنداقتىمۇ ماڭا ھازىر رۇخسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپ قىلىپ كەتكىلى بولاتتى» دېدى.

بۇ يەردە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق: ئوسمان مىننىڭ گېپىگە كىرمىدى. پەيزىۋاتتا، شەھەرگە كىرمەڭلار دېسەم، شەھەرگە بېسىپ كىردى، دوتەيي يامۇلىغا ئۆزى بىلگەنچە ھۇجۇم قىلدى، يەنە يېڭى شەھەر مەسلىسىنى داۋاملىق تەكىتلەيدۇ. ئۇ، يىغىشەھەرنى ئېلىپ ھەممە قورال - ياراقنى ئىگە بولماقچى، ئۇ چاغدا بويسۇنماسلىقى، بەلكى قارشىلىق كۆرستىش مۇمكىن، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت. شۇڭا سىجاڭنىڭ ئوسمانغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

## خوتەن قوزغىلىڭى

1932- يىلى 1- ئايدا (ھىجرىيە 1352- يىلى شەئبان ئېيى) مەمتىمىن داموللام (1946- يىلى بېتىمدە تەمرات نازارىتىگە نازىر بولغان مەمتىمىن ھەزرەت) ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئابدۇللا ئاخۇن (خوتەن ئىنقىلابىدا شا مەنسۇر دەپ ئاتالغان)، نۇر مەھەممەت ئاخۇن (خوتەن ئىنقىلابىدا ئەمىر ساھىب دەپ ئاتالغان) ھەم مەھەممەت نىياز ئەلەم باشلىق تۆت كىشى ۋە باشقا خوتەنلىك مۆتىۋەرلەردىن ئون نەچچە ئادەم بىلەن باش قوشۇپ قۇمۇل ئىنقىلابىنى قوللاش يۈزىسىدىن خوتەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىدۇ ھەمدە مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئىنىسى شا مەنسۇر (ئابدۇللا) نى 1932- يىلى 2- ئايدا قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ مەقستى، ئۆرۈمچى

ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى بىلىپ كېلىشكە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. شامەنسۇر ئۈرۈمچىگە بېرىپ ھۆكۈمەتنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى ۋە قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنى ئېگىلىپ قەشقەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن مەن (ئابدۇقادىر ھاجى) قەشقەر شەھىرى ئەلچىخانىدىكى چوڭ بىر ئاشخانىدا ئۇچرىشىپ قالدىم (بۇ ئۇچرىشىش تاسادىپى بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ مىجەز- خۇلقى سىلىق- سىپايە، گەپ سۆزلىرى مەنىلىك، خۇش پېئىل بولغانلىقى، مېنىڭمۇ ساقال بۇرۇتۇمنى چۈشۈرۈۋەتكەن، كىيىم- كېچەكلىرىم يېڭى پاسوندا يەنى شىم- كەمزۇل، پۇتۇمدا رۇسچە ئۆتۈك بولغانلىقى ئۈچۈن شامەنسۇرمۇ ماڭا قىزىقىقان بولسا كېرەك) ئۇ ھېچقانداق تارتىنمايلا مېنىڭ ئىسمى- زاتىمنى، يۇرتۇمنى، ئوقۇغان مەكتىپىمنى ۋە قەشقەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراشقا باشلىدى. مەنمۇ تارتىنمايلا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. شامەنسۇر خوتەنلىك بولۇپ مەدرىستە ئوقۇغانلىقىنى بۇ قېتىم ئۈرۈمچىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن بارغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالىنى قۇمۇل ئىنقىلابىنى سورىدىم. ئۇ: «مەن قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر بۇ ئىنقىلاب جەنۇبقا كېڭەيسە بەك ياخشى بولاتتى، ھەممە ئادەم قوزغىلىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان بولاتتى، مېنىڭ تېبابەتچىلىكتىن خەۋىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە تېۋىپلىق قىلىپ يۈرۈپ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. ئەمدى خوتەنگە قايتماقچىمەن» دېدى. لېكىن ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ئۈرۈمچىگە بېرىشتىكى مەقسىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەشكىل تەرەپتىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتمىدى.

شامەنسۇر (ئابدۇللا)، (تۆۋەندە شامەنسۇر دەپ ئاتايمىز) 1932- يىلى 9-ئايدا قاراقاشقا يېتىپ بېرىپ ئاكسى مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇرۇمچىنىڭ ۋەزىيىتىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن مەمتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدا 20 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەشكىلاتى قۇرۇلىدۇ. ئۇلار شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەخپىي تەييارلىققا كىرىشىدۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ تەشكىلات پاش بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاراقاش ھاكىمى خوتەن ۋالىيسىغا خەۋەر قىلىدۇ، خوتەن ۋالىيسى دەرھال چېگرا ساقلاۋاتقان ئەسكەردىن 60 دەك كىشىنى تاغدىن قايتۇرۇپ كېلىپ قاراقاش ھاكىمى ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاندىن ۋالى بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىنغا چاقىرىپ يىغىن ئۈستىدىلا قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىدۇ. بۇ قاراردىن خەۋەر تاپقان تەرجىمان بۇنى يىغىنغا كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تەشكىلاتقا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىردىنلا قوزغىلىپ شۇ كۈنى كېچىسىلا 200 دىن ئوشۇق تالىپنى ئورغاق، قىلىچ، توقماقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ قاراقاش ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تېگىدۇ ھەمدە شەنجاڭ باشلىق بىر نەچچە كىشىنى تۇتۇۋېلىپ شۇ مەيداندىلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. تاغدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراقاش ناھىيىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولىدۇ. شۇ كۈنىلا ئىشان قادىرخان غوجىنى 500 دەك پىدائىي بىلەن گۇمىغا ماڭدۇرىدۇ. ئۇلاردا پەقەت 20 نەچچە تاللا مىلتىق بولۇپ قالغانلىرىدا چوماق- كالتەكلا بار ئىدى.

مەمتىمىن ھەزرەت قارا قاشقا ھاكىم تەيىنلەپ قويۇپ ئۆزى 1000 دەك پىدائىينى باشلاپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇ 1933- يىلى 3- ئاي (رامىزان) ئىدى. ئۇلار قاراقاشتىن 200 دەك مىلتىق غەنىيمەت ئالغان

بولىسمۇ قالغانلىرىدا قىلىچ، چوماق قاتارلىق قوراللار بار ئىدى. ئۇلار شۇ كېچىسى ئاتلىق، ئېشەكلىك ھەم پىيادە خوتەن كونا شەھىرىنى ئىگىلەيدۇ. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەرگە كىرىپ دەرۋازىنى تاقاپ سېپىلغا چىقىرىۋالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار سېپىلنى قورشىۋېلىپ ئوق چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا خېلى قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. تۆۋەندە پىدائىيلار ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. قوزغىلاڭچىلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال شەھەر ئىچىگە ۋەكىل كىرگۈزۈپ ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇشقا، خوجنىياز ھاجىم ئەسكەرلىرىنىڭ خوتەنگە كېلىپ بولغانلىقىنى، قورال تاپشۇرغانلارنىڭ مال- مۈلكى ۋە ھاياتىغا دەخلى يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرىدۇ. خوتەن شەھىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە لوپ، چىرىيە، كېرىيە ناھىيىلىرىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ جايلاردىكى خەلقلەرمۇ بىردەك قوزغىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ (ئۇ چاغدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە 20- 30 دەك ئەسكەر بۇلاتتى) ئەسكەرلەردىن قورال تارتىۋېلىپ ناھىيىنى ئازاد قىلىدۇ ھەمدە دەرھال خوتەنگە خەۋەر يەتكۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ خوتەنگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. مەمتىمىن ھەزرەت ئەمىر كىبىر بولۇپ ھەربىي ئىشلارغا، مەھەممەت نىياز ئەلەم ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

خوتەن قوزغىلىڭىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەردىكى ما شاۋۇ دوتەي قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق ئىككى لىيەن ئەسكەردىن بىر لىيەننى خوتەندىكى

ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئارقىدىنلا قەشقەردىن خۇيزۇ، قىرغىزدىن تەركىب تاپقان ئىككى لىيەن ئەسكەر تەشكىللەپ ئۇلارنى قاغىلىققا ئەۋەتىدۇ. خوتەنگە قاراپ يولغا چىققان ئەسكەرلەر قاغىلىقتىن چىقىپ گۇمىغا كىرمەيلا ئۇدۇل خوتەنگە مېڭىپ زاۋىغا كەلگەندە خوتەننىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خوتەنگە كىرمەي قايتىپ كېلىدۇ.

## قاغىلىقتىكى قوزغىلاڭ

قاغىلىقتا سابىرخان خوجا ئىسىملىك بىر ئىشان بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا قاغىلىق بويىچە نوپۇزلۇق ئىدى. بۇ كىشى خوتەن، قۇمۇل تەرەپتە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ خوتەن قوزغىلىڭىنى قوللاپ ئۆزى بىلەن بىر پىكىردىكى كىشىلەرنى توپلاپ قەشقەردىن كەلگەن قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قوللاشنى تەلەپ قىلىدۇ. قىرغىز لىيەننىڭ باشلىقى ئۇنى قوبۇل قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ شەھەرگە بۆسۈپ كىرىشىنى، ئۇلار بېسىپ كىرگەندە ئۆزلىرىنىڭ مىلتىقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپ ئەمەلىي قارشىلىق كۆرسەتمەي شەھەرگە كىرىشكە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار شەھەرگە بىخەتەر بېسىپ كىرىپ قىرغىز ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قاغىلىقتىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىدىن قورال تارتىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ قاغىلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار 300 دىن ئارتۇق قوراللىق قىسىم تەشكىللەپ 100 ئادەمنى گۇمىغا، 100 ئادەمنى پوسكامغا ئەۋەتىدۇ. ما دوتەينىڭ خوتەن

قوزغىلاڭچىلىرنى باستۇرۇشقا قاغىلىقتىن ئەۋەتكەن بىر لىيەن ئەسكىرى خوتەنگە كىرەلمەي قايتىپ گۇمىنى ۋەيران قىلىپ يەنە قاغىلىققا قاراپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇلار يول ئۈستىدە قاغىلىقنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئوسمان، ھسامىدىن دېگەن ئىككى كىشىگە يول باشلىتىپ قاغىلىققا كىرمەي ئۇششاق باش، كۆكيار ئارقىلىق كاچۇڭغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن يەكەنگە كىرىۋالىدۇ. گۇمىغا ماڭغان 100 ئادەم ما دوتەيىنىڭ ئەسكەرلىرىنى توسۇيالماي قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ ئۇ يەردىن پوسكامغا كېلىپ دەريا بويىغا ئورۇنلىشىدۇ. دېمەك، شۇنىڭ بىلەن مەتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار پوسكامدىن تارتىپ چەرچەنگىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەيدۇ. ھەممە ناھىيىلەرگە ھاكىملار بەلگىلىنىپ بىر قەدەر تىنچلىق ئورنىتىلىدۇ.

## شامەنسۇرنىڭ يەكەنگە كېلىشى

مەتىمىن ھەزرەت ئىنىسى شامەنسۇرنى 500 دەك ئەسكەر بىلەن يەكەننى ئىگەللەشكە ئەۋەتىدۇ. شامەنسۇر گۇمىغا كەلگەندە گۇمىدىكى مەھەممەتنىياز ئەلەم 200 دەك پىدائىي بىلەن قوشۇلىدۇ. ئىشان قادىرخاننى گۇمىغا ھاكىم قىلىدۇ.

شامەنسۇر قاغىلىققا كەلگەندە شەھەر ھاكىمى سابىرخان خوجا باشلىق خەلق ۋە پىدائىيلار ئالدىغا چىقىپ دەبدەبە بىلەن قارشى ئالىدۇ. شامەنسۇر قاغىلىقتا ئىككى- ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ قورالىلىق ۋە قورالسىز بولۇپ 800 دەك پىدائىينى باشلاپ پوسكامغا كېلىدۇ. ئۇ يەردىكى 200 دەك ئەسكەر بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا شامەنسۇرنىڭ قوراللىق ۋە قورالسىز ئەسكەرلىرى 1000 دىن ئېشىپ كېتىدۇ، 33- يىلى

4- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يەكەنگە يېتىپ كېلىپ ما دوتەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. جەڭ ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. بىر نەچچە كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن ما دوتەي ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي كونىشەھەرنى تاشلاپ يېڭىشەھەرگە كىرىۋالىدۇ. ئابدۇللاغا شامەنسۇر دېگەن ئۇنۋان شۇ قېتىمقى يەكەننى ئېلىش جېڭىدە بېرىلگەن (بۇ ئۇنۋاننى ئەمىر كىبىر بەردىمۇ ياكى ئۆزى قۇيۇۋالغانمۇ ئېنىق ئەمەس). يەكەن كونىشەھەر ئېلىنغان كۈنى 1933- يىلى 5- ئاينىڭ 8- كۈنى ئىدى.

## يەكەن ۋەقەسى

شامەنسۇر يەكەن كونا شەھەرنى ئېگىلەپ، يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى ھالسىزلىتىۋاتقان بىر پەيتتە يەنى 33- يىلى 5- ئاينىڭ 20- كۈنلىرى قەشقەردىن تۆمۈر سىجاڭ ئەۋەتكەن ھاپىز لۈيجاڭ 300 چە ئەسكەر بىلەن يەكەنگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى ئەسكەر باشلىقى چىرايلىق كۆرۈشكەن بولسىمۇ، بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ئوتتۇرىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. سەۋەبى: شامەنسۇر خەلققە بەك زۇلۇم سالغان مىشا بېگىنى قولغا ئېلىپ خەلقنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ئىدى. ھاپىز لۈيجاڭ بۇنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي قىلىپسىلەر، دەپ ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرگەنىدىن تاشقىرى خەت ئارقىلىق تۆمۈر سىجاڭغا مەلۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا شامەنسۇر، بىزمۇ خوتەندىن ئىنقىلاب قىلىپ كەلدۇق، بىزنىڭ رەھبىرىمىز خوجىنىياز ھاجىم، خوجىنىياز ھاجىمدىن بىزگە تۆمۈر سىجاڭغا بويسۇنۇڭلار دېگەن يولىيورۇق يوق، دەپ ھاپىز لۈيجاڭنىڭ نارازىلىقىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. ئىككىنچى بىر سەۋەب، ھاپىز لۈيجاڭ كېلىپ يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۈچىنچى بىر

سەۋەب، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭمۇ ھاپىز لۈيجاڭنىڭ ئارقىسىدىن 200 دەك ئەسكەرنى يەكەنگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار يەكەنگە كېلىپ كونىشەھەرگە ئورۇنلىشىپ، بىر قانچە كۈندىن كېيىن غىپپىدە يېڭىشەھەردىكى ما دوتەي ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇۋالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ھاپىز لۈيجاڭ بىلسىمۇ، ئۇلارنى توسماي بەلكى ئۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ يەكەن يېڭىشەھەردىكى ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرى 600 گە يېتىدۇ.

بۇ چاغدا شامەنسۇر بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ قانداقچە ئىتتىپاقچىمىز بولسۇن، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز بىلەن بىرگە بولۇۋالغانلار قانداقمۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز بولالايدۇ، دەپ ھاپىز لۈيجاڭ بىلەن تىركىشىپ قالىدۇ ھەم بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن شامەنسۇر تۆمۈر سىجاڭغا ئادەم ئەۋەتىدۇ.

### ساۋۇت داموللامنىڭ يەكەنگە كېلىشى

ساۋۇت داموللام خوتەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن يەنى 32- يىلى 12- ئايلاردا ھەرەمدىن قايتىپ قاغىلىقتا كېلىپ ئاندىن خوتەنگە بارغان. داموللام قاراقاشتا قۇرۇلغان قوزغىلاڭچىلار تەشكىلاتىدىن 33- يىلى 1- ئايدا خەۋەر تاپىدۇ. خوتەن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، خوتەندە قۇرۇلغان قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمىتى ساۋۇت داموللامنى شەيخۇل ئىسلام قىلىپ ئەڭ يۇقىرى دىنىي مەرتىۋە بېرىدۇ، شۇ ئوتتۇرىدا داموللامنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. لېكىن بۇ ئادەم شەيخۇل ئىسلام بولغاندىن كېيىن يەكەندىكى شامەنسۇر بىلەن ھاپىز لۈيجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يەكەنگە كېلىدۇ. بۇ

چاغدا يەكەندىكى شامەنسۇر باشلىق ھەربىي ۋە خەلقتىن بىر قانچە مىڭ كىشى يەكەن دەرياسىنىڭ بويىغا چىقىپ داموللامنى كۈتۈۋالىدۇ (ھاپىز لۈيجاڭ ئالدىغا چىقمايدۇ) داموللام شامەنسۇر بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تۈگىنى ما دوتەي ئەسكەرلىرى مەسلىسى ئىكەن دەپ تونۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساۋۇت داموللام، شامەنسۇر، ھاپىز لۈيجاڭ قاتارلىقلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ كېڭەش ئاچىدۇ. كېڭەشتە ساۋۇت داموللام سۆزلەپ «يەكەندىكى ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇش بىلەن ياكى سۆھبەت ئارقىلىق قورالسىزلاندۇرۇپ يەكەننى تىنچىتىپ، خوجىنياز ھاجىمغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشىمىز كېرەك. يەكەندىكى ما دوتەينىڭ ئەسكەرلىرىنى بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ ئۇرۇمچىگە ئەسكەر ئەۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا قانداق قارايسلەر» دەيدۇ. بۇ چاغدا ھاپىز لۈيجاڭ: «بۇنىڭغا مىنىڭ پىكرىم يوق، تۆمۈر سىجاڭ قانداق بۇيرۇق قىلسا شۇنى ئىجرا قىلىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىرلىرى تۆمۈر سىجاڭغا خەت يېزىشاملا، ياكى ئۆزلىرى (ساۋۇت دامولامنى دېمەكچى) باراملا، شۇ كىشىدىن سوراپ بىر تەرەپ قىلىشسىلا» دەيدۇ.

شۇ ئارىلىقتا قەشقەردىن تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئابدۇغوپۇر ھاجىم شاپتۇل باشچىلىقىدىكى تۆت ۋەكىلى يەكەنگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ:«ما جەنساڭ بىزنىڭ ئىتتىپاقچىمىز ۋە ياردەمچىمىز، ھازىر ئۇرۇمچىدە خوجىنياز ھاجىم بىلەن ما جۇڭيىڭ بىرلىكتە ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇ يەردە ما جەنساڭنى قورالسىزلاندۇرۇپ قويساق، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا خوجىنياز ھاجىمدىن خەۋەر بولمىغۇچە ئۇلارغا تەگمەسلىكىمىز كېرەك» دېگەن پىكرىنى يەتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا ساۋۇت داموللا باشچىلىقىدىكى

خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى: «يەكەن، قەشقەردىكى ما دوتەي، ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرماي تۇرۇپ، خوجىنىياز ھاجىمغا ئەسكەر ئەۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇب ئازات بولۇپ بولدى، شۇڭا بىز قەشقەردە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىپ (شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى دېمەكچى) خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشىمىز كېرەك، كونا تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىز كېرەك، بۇ پۇل- مال مەسىلىسى ئەمەس، چوڭ ھەق ناھەق مەسىلىسى. ئۇنداق قىلمىساق، ئىنقىلاب قىلىپ نېمە قىلىمىز» دەيدۇ ھەمدە ۋەكىللەرگە مۇشۇ كېڭەشتە بولۇنغان سۆزلەرنى تۆمۈر سىجاڭغا يەتكۈزۈشنى تاپشۇرىدۇ. ۋەكىللەردىن ئابدۇغۇپۇر ھاجىم شاپتۇل يەنىلا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ما جەنساڭنى قورالسىزلاندۇرۇشقا قارشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئاياغلىشىدۇ. لېكىن كېڭەشتىن قايتقاندىن كېيىن ئابدۇغۇپۇر ھاجىم شاپتۇل: ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرىمىز دېگىنى نېمىسى، ما جەنساڭلارغا كۈچى يېتەمدىكىن؟ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ، ساۋۇت داموللامنىڭ كەيىندىن غەيۋەت قىلىدۇ. ۋەكىللەرنى كۈتۈۋشكە مەسئۇل بولغان بىرسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قېلىپ شامەنسۇرغا ئېيتىپ قويىدۇ.

قەشقەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئەتىسى قايتماقچى بولغاندا شامەنسۇر، ئابدۇغۇپۇر ھاجىمنى ئېلىپ قېلىپ نەزەربەند قىلىپ قويىدۇ. ۋەكىللەر قەشقەرگە كېلىپ يەكەندىكى كېڭەشتە بولۇنغان سۆزلەرنى، ئابدۇغۇپۇر ھاجىمنى ئېلىپ قالغانلىقىنى، تۆمۈر سىجاڭغا يەتكۈزىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭغا خاپا بولۇپ ئابدۇغۇپۇر ھاجىمنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەر ئۆلىمالىرىدىن تەشكىللەپ يەنە ۋەكىل ئەۋەتىدۇ. شامەنسۇر ۋەكىللەرگە:

ئابدۇغۇپۇر ھاجىمنى ھازىر قوشۇپ بىرىمىز، بۇندىن كېيىن مۇنداق پىتنە-پاسات تارقاپ كەتمىسۇن! دەپ جېكىلەيدۇ.

## يەكەندىكى ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى

خوتەن، قاغىلىق قوزغىلاڭلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن خوتەن، قاغىلىق تەرەپلەردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يەكەنگە توپلىنىپ يەكەن يېڭىشەھەرگە ئورۇنلىشىۋالىدۇ. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئىمىر ئابدۇللا بەگنى يەكەننى پاتىھە قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. قەشقەر تەرەپتىن تۆمۈر سىجاڭ ھاپىز لۈيجاڭنى ئۈچ- تۆت يۈز ئەسكەر بىلەن يەكەنگە ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىككى كۈچ بىرلىشىپ يەكەن يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلغان بولسىمۇ لېكىن بىر تەرەپ قىلالمايدۇ.

بۇ چاغدا قەشقەردىكى ما جەنساڭ، يەكەندىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئەپلەپ ئۆزىگە ئەل قىلىۋېلىش ئۈچۈن ما رۇلۇڭ ئىسىملىك تۈەنجاڭنى 100 ئاتلىق ئادەم بىلەن يەكەنگە ئەۋەتىدۇ. ما رۇلۇڭ يەكەنگە كۆرۈنۈشتە شامەنسۇر ۋە ھاپىز لۈيجاڭلارغا ياردەم كۆرسەتكىلى كەلگەندەك قىلىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ پۇرسەت تېپىپ يېڭىشەھەرگە كىرىپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىۋالىدۇ. ئۇنىڭ مەقستى شەھەردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ۋە قورال- ياراقلىرى بىلەن قەشقەرگە ئېلىپ كېتىپ ما جەنساڭ قىسىملىرىنى تولۇقلاش ئىدى. ئەمما خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ۋە تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىمۇ يەكەندىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ قوراللىرىنى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلاتتى. دېمەك، يەكەندىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ قورال- ياراقلىرىغا ئۈچ

تەرەپنىڭ كۈزى تەڭ چۈشكەنلىكتىن يەكەن ۋەزىيىتى مۇرەككەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا ما شاۋۇۋ بىلەن ما جەنساڭ ئىككىسى يەكەندىكى ھۆكۈمەت كۈچلىرىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىۋېلىشنىڭ ئامالىنى مەسلىھەتلىشىپ تۆمۈر سىجاڭغا: «يەكەندىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ قورالىنى تۆمۈر سىجاڭغا تاپشۇرۇش» دەيدىغان بىر يولنى تەكلىپ قىلدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ بۇ تەكلىپكە بىنائەن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى يۈسۈپجان (قۇر بېشى)، كىچىك ئاخۇنلارنى 100 دىن 200 ئەسكەر بىلەن، يېڭىساردىكى ئەخمەتخان لۈيجاڭنى 200 ئەسكەر جەمئىي 400 ئەسكەر بىلەن يەكەندىكى ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكېلىشكە بەلگىلەيدۇ. بۇنى ئوسمان لۈيجاڭ ئاڭلاپ بىزدىن ئادەم بارمامدۇ؟ دەپ سورىغاندا ئۇنىڭغمۇ ئىككى ليەن بېرىشقا قوشۇلدۇ. ئوسمان ئوراز تۇەنجاڭ بىلەن مىنى (قادىرى ھاجى) 300 ئەسكەر بىلەن يەكەنگە بېرىشقا بۇيرۇق قىلدى. بىز تۆمۈر سىجاڭنىڭ، ئوسماننىڭ بولۇپ 500 دەك ئەسكەر يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئەخمەتخان لۈيجاڭ 200 دەك ئەسكەر بىلەن يېڭىساردا قالدى. بۇ ھەقتە تۆمۈر سىجاڭ ھاپىز لۈيجاڭ بىلەن شامەنسۇرغا يەكەن يېڭىشەھەردە قاملىپ قالغان ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىگە دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىش، ئۇلارغا چېقىلماسلىق توغرىسىدا خەت ئەۋەتكەن ئىدى. خەت يېتىپ بارغان كۈنى ئۇلار قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ شۇ كۈنى كۆك راۋاتقا كېلىپ قونىدۇ. ئەتىسى يېڭىسارغا قاراپ يولغا چىقىپ ھىمىتنىڭ سېپىغا كەلگەندە ئەمىر ساھىب باشچىلىقىدا 1000

دەك خوتەن پىدائىيلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ كېلىدۇ. بىز شۇ چاغدا ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەپكېتىش ئۈچۈن قىزىلدا كۈتۈپ تۇراتتۇق. ما دوتەي ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. بىز ئۇلارنىڭ قورقماي كېلىۋېرىشىنى ئېيتىپ ۋەكىل ئەۋەتتۇق. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىن ئوق چىقىپ قالدى. ئۇلار قورشاۋدا قالغان ئوخشايمىز دەپ چۈشەنسە كېرەك، بىز تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپ بىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. بىزمۇ ئوق چىقاردۇق. ئوتتۇرىدا بىر قەپەس ئېلىشتۇق. ئۇلار يىقىلغانلىرىنى تاشلاپ يېڭىسارغا قاراپ قاچتى. ئەمىر ساھىب ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. ما دوتەي ئەسكەرلىرى 600 دەك ئادەم بولۇپ، ئۇلاردىن 500 دەك ئادەم قوراللىق، قالغىنى ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان 400 دەك قېرى- چۆرى، ئۇششاق باللارمۇ بار ئىكەن. بىز قاچقانلارنى قوغلىماي ئارقىسىدا قالغان يارىدار ۋە قېرى- چۆرى، ئۇششاق باللارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ كەلدۇق.

قىزىلدا بىزگە ئوق چىقىرىپ يېڭىسارغا ئۆتۈپ كەتكەن ما دوتەي ئەسكەرلىرى 200 چە بولۇپ، ئۇلار يېڭىسارنىڭ قايىراق دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئەخمەتجان لۈيجاڭ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ ئۇلارنى قىرىپ تاشلىغان. بىز قىزىلدىن يولغا چىقىپ 3- كۈنى توققۇزاققا يېتىپ كەلسەك، ئوسمان لۈيجاڭ 200چە ئەسكەر بىلەن ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرغانىكەن. ئەتىسى بىز تۆمۈر سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ يولدا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردۇق. تۆمۈر سىجاڭ، بىزنىڭ قىزىلدا قولغا چۈشۈرگەن ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىنى ساق- سالامەت ئەپكەلگەنلىكىمىزگە خوش بولدى. ئەخمەتجان لۈيجاڭنىڭ ما دوتەي

ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلىغىنىغا رەنجىدى. يەكەندىن كەلگەن ئەمىر ساھىب 100 دەك قورالنى غەنىيمەت ئېلىپ يەكەنگە قايتىپ كەتتى. بىزمۇ قولغا چۈشۈرگەن قوراللارنى ئۆزىمىز ئىگىلىدۇق. بىز قەشقەرگە كېلىپ بەش-ئالتە كۈندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭ سىتتۋالدىجان، كىچىك ئاخۇنغا ۋە ماڭا (قادىر ھاجى) تەنجاڭلىق ئۇنۋان بەردى ھەم تامغا ئويدۇرۇپ بەردى (خەنزۇچە). بىز قىزىلدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ كەلگەن 400 دەك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالا- چاقىلىرىنى قەشقەر يېڭىشەھەرگە (ما جەنساڭغا) ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. بۇ، 33- يىل 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. ما جەنساڭ يېڭىشەھەردە، تۆمۈر سىجاڭ كونىشەھەردە ئىدى. ما جەنساڭنىڭ 1700 دەك ئەسكىرى بولۇپ، كېچە- كۈندۈز مەشىق قىلاتتى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىدىكى ئىككى لۈيدە 1600 دەك، ئوسماننىڭ قولىدىكى تۆت تەنىدە 1200 دەك ئەسكەر بار ئىدى. ئەگەر ئىككى تەرەپ بىرلىشىدىغان بولسا، ناھايىتى زور كۈچ ئىدى. يېڭىشەھەر مەسىلىسىنىمۇ بىر تەرەپ قىلغىلى بولاتتى.

## ساۋۇت داموللام بىلەن شامەنسۇرنىڭ قەشقەرگە كېلىشى

ساۋۇت داموللام بىلەن شامەنسۇر قەشقەر يېڭىشەھەر مەسىلىسىنى يەكەندە تۈرۈپ ھەل قىلغىلى بولمايدىكەن دەپ 33- يىل 7- ئاينىڭ 13- كۈنى قوراللىق، قورالسىز بولۇپ 1000 دەك پىدائىينى باشلاپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. 17- كۈنى تۆمۈر سىجاڭ يېنىك ماشىنا بىلەن كۆرۈنۈشتە ئالدىغا چىققان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى يەنە يەكەنگە قايتۇرۇشنى كۆزلەپ يېڭىسارغا كېلىدۇ. يېڭىسارغا كېلىشتىن بۇرۇن تۆمۈر سىجاڭ قەشقەر يېڭىشەھەردە ما جەنساڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭىدۇ.

يېڭىساردا تۆمۈر سىجاڭ ساۋۇت داموللام، شامەنسۇرلار بىلەن چىرايلىق كۆرۈشۈپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەتتە تۆمۈر سىجاڭ خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ساۋۇت داموللام تەرەپ: قەشقەرگە يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتەيلى دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بولسا بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدۇ. ئۇ يەنە ھازىر خوجىنىياز ھاجىم ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇمچىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر بىز بۇ يەردە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىپ قويساق (قورالسىزلاندۇرۇپ قويساق) خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ دېگەن كونا پىكرىنى تەكرارلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا شۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ، بىر- بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان؛ ئاقسۇدا باي سىجاڭ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ بولغان؛ ھەتتا خوجىنىياز ھاجىمدىن تۆمۈر سىجاڭغا توقسۇنلۇق شېرىپ ئاخۇن ئارقىلىق قەشقەردىكى ما جەنساڭ قىسىملىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق كېلىپ بولغان چاغ ئىدى. شۇنىڭدەك ساۋۇت داموللامنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش، يېڭىچە غەللە- پاراق ئېلىش، بايلارنىڭ يەرلىرىنى قايتا ئۆلچەش، كەمبەغەللەرگە غەمخورلۇق قىلىش، كونا ھۆكۈمەت تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىگىمۇ قوشۇلمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ساۋۇت داموللام تەرەپ تۆۋەندىكى تۆت تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. ما جەنساڭ مەسىلىسىنى تېزلىكتە بىر تەرەپ قىلىش؛

2. ھەربىي- مەمۇرىي ئىسىملارنى مۇسۇلمانچە ئاتاش؛

3. تامغىنى ئۇيغۇرچە ئويدۇرۇش؛

4. دېھقانلاردىن ئالدىغان غەللە- پاراقنىڭ يېرىمىنى ۋەخپە كىرىمدىن تولدۇرۇش؛

بۇ تەكلىپلەرگە تۆمۈر سجاڭ ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ما جەنساڭ مەسلىسىگە كەلگەندە: ئۇنىڭ 2000 چە مۇنتىزىم ئەسكىرى بار، ئۇنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ھەربىرلىرى قەشقەرگە بېرىش ئارزۇلىرى بولسا، ئازراق ئادەم بىلەن بېرىپ زىيارەت قىلىپ قايتىشسىلا بولىدۇ، ئەسكەرلەرنىڭ تەمنات مەسىلىسىنى ھەل قىلماق قىيىن، دەيدۇ.

ساۋۇت داموللام، شامەنسۇرلار ئۆز پىكرىدە قېلىپ قەشقەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ تۆمۈر سجاڭنىڭ ئارقىسىدىن ساۋۇت داموللام شامەنسۇرلار قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ 33- يىل 7- ئاينىڭ 20- كۈنى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا سەككىز تاشقا چۈشكۈن راسلاپ ھامىتخان لۇيجاڭ، ھەمدەم بەگ ھاجىم لۇيجاڭ، سېتىۋالدىجان، كىچىك ئاخۇنلار 600 دەك ئەسكەر بىلەن ئىستىقبالغا چىقىدۇ. ئوسمان لۇيجاڭ، ئوراز تۈەنجاڭلارمۇ 400 دەك ئەسكەر بىلەن ئالدىغا چىقىدۇ. شۇ كۈنى شەھەردىن چىققان ئادەم بەك كۆپ ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالدى قالماق كۆۋرۈككىچە يېتىپ بارىدۇ. چۈشكۈن ئىككى جايغا راسلانغانىدى. بىرسى سەككىز تاشتا، بىرسى قالماق كۆۋرۈكتە، ساۋۇت داموللاملار چۈشكۈن راسلىغان جايغا پېشىن بىلەن يېتىپ كەلدى. يەكەندىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ 600 ى ئاتلىق بولۇپ، ھەممىسى قوراللىق ئىدى، 400 ى پىيادە بولۇپ قوللىرىدا كەكە، پالتا، توقماق قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار

ئىككىدىن تىزىلىپ كېلىشتى. بىزنى كۆرگەندىن كېيىن ساۋۇت داموللام باشلىق ئەمەلدارلار ئاتتىن چۈشۈشتى، ئەڭ ئاۋۋال ئوسمان بېرىپ داموللام، شامەنسۇرلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ۋالىي مەھكىمىسىدىن بىر پوچتا چىقارغان ئىكەن. ئۇنىڭغا ساۋۇت داموللام بىلەن زىرىپ قارى ھاجىم چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىدا پوچتا ماڭدى، ئارقىسىدىن بىز ماڭدۇق. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئىستىقبالغا چىققان شەھەر ئاھالىسى «ئامىن» دەپ ئۇنلۇك توۋلاشتى. ساۋۇت داموللام جاۋابەن ئۇلارغا بارىكاللا ئېيتتى.

سەككىز تاشتىن يولغا چىقىۋاتقاندا ۋالىي يۇنۇس بېگىنىڭ بىر ئادىمى يۇنۇس بېگىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىستىقبالغا چىقالمىغانلىقى توغرىسىدىكى خەنزۇچە يېزىلغان بىر پەنزەنى (بۇ شۇ چاغدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ چاقىرغان يەرگە بارالماي قالسا ئەۋەتىدىغان قارتىسى ئىكەن) كۆتۈرۈپ كېلىپ ساۋۇت داموللامغا بەردى. قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە كەلسەك، شەھەردىن ۋە يېزىدىن بولۇپ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم توپلانغانىكەن، ئۇلارمۇ ئامىن! ئامىن دەپ ئۇنلۇك توۋلاشتى. مېھمانلار جاۋابەن سالام بەردى. ساۋۇت داموللام، شامەنسۇر، زىرىپ قارى ھاجىملارغا ئۇلاغ بازىرىدىكى مۆيدىنجان باينىڭ بېغى راسلانغانىكەن، ئۇلار شۇ باغقا ئورۇنلاشتى. ئەسكەرلەر شۇ ئەتراپتىكى بوش ساراي ۋە باغلارغا ئورۇنلاشتى.

ئەتىسى ئوسمان لۈيجاڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى قىرغىز تۈەنجاڭلارنى باشلاپ داموللام بىلەن كۆرۈشكىلى چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن (قادىر ھاجى) كىچىك ئاخۇن ئىككىمىز كۆرۈشكىلى چىقتۇق. ئەھۋال ئۇقساق، تۆمۈر سىجاڭ ھەم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لۈيجاڭلارمۇ، ۋالىي يۇنۇس بەگمۇ

هاردۇق سوراپ چىقمىغانىكەن. لېكىن ساۋۇت داموللام شەھەرگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى زىرىپ قارى ھاجىمنى ئېلىپ ئازغىنا ئەسكەر بىلەن سىجاڭ بىلەن كۆرۈشكىلى ۋالىي مەھكىمىسىگە كىرىدۇ. شۇ چاغدا سىجاڭ بىلەن بىرگە يۇنۇس بېك، نىزامىدىن ئەپەندى قاتارلىقلار ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قورۇسىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ ھەم مېھمانخانىغا باشلاپ ھال سورايدۇ. ئۇلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىدىن خوشلىشىپ چىقىپ يۇملاق شەھەر كۆلبېشىدىكى ئوسمانىنىڭكىگە پاتىھەگە بارىدۇ. ئوسمان ئۇلارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بىر قانچە يۈز ئەسكەرنى تىزىپ مىزگان، داقا - دۇمباقلارنى چالدۇرۇپ قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ تاماق تارتىلىدۇ. زىياپەتتىن كېيىن ئۇلار ئۆز ئورنىغا قايتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ شۇ كۈنىلا ھامىتخان لۈيجاڭ بىلەن ھەمدەم بەگ ھاجىنى داموللام، شامەنسۇرلارنىڭ قېشىغا ۋەكىل قىلىپ چىقىرىدۇ. ۋەكىللەر سىجاڭنىڭ: ھەر ئىككى تەرەپ 500 دىن ئەسكەر تەشكىللەپ خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەمگە ئەۋەتسەك، خوجىنىياز ھاجىمۇ ئەسكەر تەلەپ قىپتۇ، دېگەن پىكرىنى يەتكۈزىدۇ. بۇ يەردە تۆمۈر سىجاڭنىڭ شۇ چاغدا ساۋۇت داموللام، شامەنسۇرلار بىلەن دەرھال سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى ئەسكەر ئاجرىتىشقا قىستىشى، ئۇلارنىڭ ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. ما جەنساڭنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. لېكىن ساۋۇت داموللام، شامەنسۇرلار يەنىلا ما جەنساڭ، ما دوتەيلەرنىڭ يېڭىشەھەردىكى ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن خوجىنىياز ھاجىمغا ئەسكەر ئەۋەتىشنى، بولمىسا ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىدىن خاتىرجەم بولۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ مەن (قادىر ھاجى) بىلەن كىچىك ئاخۇننى چاقىرىپ، سىلەر ئاتۇشلۇق، داموللامۇ

ئاتۇشلۇق، سىلەر داموللامغا ئېيتىڭلار، يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ مەسىلىسىنى ئاسان ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنى بىر مەزگىل كۈتۈش كېرەك، سىلەر گەپكە كۆندۈرۈڭلار، دەپ چىقاردى. بىز سىجاڭنىڭ سۆزىنى يەتكۈزىدۇق، ئۇلار يەنە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. بىز قايتىپ كىرىپ ئەھۋالنى يەتكۈزدۇق. بۇ ئوتتۇرىدىكى زىددىيەتلەردىن سائەتلەپ خەۋەر تېپىپ تۇرغان ما جەنساڭ، ۋالىي يۇنۇس بېك ئارقىلىق تۆمۈر سىجاڭغا: «ئوسماننىڭ پەيلى بۇزۇق، ئۇ، شامەنسۇر بىلەن بىرلىشىپ سىلىگە قول سالىدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ چاقىرىدۇ. ئوسمانغا بولسا: «سەن ھوشيار بول، بولمىسا سىجاڭ سېنى قولغا ئالىدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ، بىر- بىرىدىن ئۆركۈتۈپ ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقنى تېرىيدۇ.

## تۆمۈر سىجاڭ تەرىپىدىن ساۋۇت داموللا ۋە شامەنسۇرنىڭ نەزەربەند قىلىنىشى

ساۋۇت داموللا ۋە شامەنسۇرلار قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىدا گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن تۆمۈر سىجاڭ بىلەن خوتەن قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن- كۈنگە كەسكىنلىشىدۇ. ئاخىرى تۆمۈر سىجاڭ 33- يىل 7- ئاينىڭ 26- كۈنى ھامىتخان لۈيجاڭ، ھەمدەم بەگ ھاجى، سېتىۋالدىجان، كىچىك ئاخۇنلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ساۋۇت داموللا ۋە شامەنسۇر تۇرغان ئورۇنلارنى قورشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇردى. ساۋۇت داموللام بىلەن شامەنسۇرنى ئەسكەرلىرىدىن ئايرىپ يار باغدىكى بىر ھويلىغا نەزەربەند قىلىپ قويدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭغا ما جەنساڭدىن تارتىپ ھەممىسى قاتتىق بويسۇنۇپ «سىلىڭ» لىق تامغا تاپشۇردى. تۆمۈر

سىجاڭ بۇ تامغىنى بىر كۈن شەھەر ئايلاندۇرۇپ داغدۇغا قىلدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە تۆمۈر سىجاڭ مېنى چاقىرتىپ، «سىزنى پەيزىۋاتقا يۆتكىدىم، ئوسماندىن ئايرىلىپ كېتىڭ» دېدى. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئېلى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولاتتى. نەتىجىدە 8- ئاينىڭ 2-كۈنگە كەلگەندە ئوسمان ئېلى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۆز يۇرتى قىزىلبويىغا چىقىپ كېتىدۇ.

## تۆمۈر سىجاڭنىڭ خوتەنگە ئەسكەر چىقىرىشى

تۆمۈر سىجاڭ شامەنسۇرلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەتىسلا يېڭىساردىكى ئەخمەتخان لۈيجاڭغا بۇيرۇق ئەۋەتىپ ئۇنىڭ يەكەندىكى ھاپىز لۈيجاڭغا ھەمكارلىشىپ يەكەندىكى شامەنسۇرنىڭ قويغان ئادىمى ئەمىر ساھىب (نۇر مەھەممەت) نى قورالسىزلاندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ خوتەننى ئازاد قىلىشلار، دەيدۇ ھەم شامەنسۇرنى قولغا ئالغانلىقنى ئۇقتۇرىدۇ. ئارقىدىنلا سېتىۋالدىجان بىلەن كىچىك ئاخۇننىمۇ ئىككى تۈەن ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ بۇيرۇق بويىچە خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىپ قاغىلىققا يېتىپ بېرىپ خوتەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ (قاغىلىقتىكى ئەسكەرلەر مەتنىمىن ھەزرەتكە بويسۇناتتى). قاغىلىقتىكى ئەسكەرلەر بۇ ۋەقەنى پەقەت چۈشىنەلمەي گۇمىغا چېكىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سانىمۇ 100 دىن ئاشمايتتى. ئۇلار گۇمىغا بېرىپ مۇداپىئەلىنىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ كېلىپ ئۇرۇشۇپ گۇمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار زاۋىغا چېكىنىدۇ. شۇ چاغدا قەشقەردىن كەلگەن سېتىۋالدىجان، كىچىك ئاخۇنلارنىڭ قوشۇلۇپ ھاپىز لۈيجاڭنىڭ ئەسكىرى

800 دىن ئاشاتتى. ئۇلار زاۋىدىمۇ قاتتىق ئۇرۇشۇپ ئاخىرى بولماي خوتەنگە چېكىنىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەتمىن ھەزرەت ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ ھاپىز لۈيجاڭ بىلەن سوقۇشىدۇ. ئىككى كۈنلۈك قاتتىق جەڭدىن كېيىن ھاپىز لۈيجاڭ يېڭىلىپ چېكىنىدۇ. ئۇلار چېكىنىپ زاۋىغا كەلگەندە پۇقرالار كالتەك- توقماق كۆتۈرۈپ چىقىپ ھاپىز لۈيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا ھاپىز لۈيجاڭ ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پۇقرالارنى ئوققا تۇتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى بۇلاپ- تالاپ، ئۆلتۈرۈپ گۇمىغا كېلىدۇ. مانا شۇنداق بىر پەيتتە، ئوسماندىن ھاپىز لۈيجاڭغا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ما جەنساڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سىجاڭ بولغانلىقىنى، شۇڭا ھاپىز لۈيجاڭنىڭ تېزدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كېلىدۇ.

## تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ما جەنساڭنىڭ قورقۇتۇشى تۈپەيلىدىن ئوسمان 2- ئاۋغۇست كۈنى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قىزىلبويىغا كەتكەندى. تۆمۈر سىجاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھامتخان لۈيجاڭنى 600 گە يېقىن ئەسكەرلىرى بىلەن ئوسماننى قوغلاشقا لەڭگەرگە چىقىرىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان لەڭگەردە ما دوتەينى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ مىڭ يول تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندى. ھامتخان ئوسماننىڭ مىڭ يولغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ تۆمۈر سىجاڭغا خەت يازىدۇ. سىجاڭ ئۇنى قوغلاشقا 600 ئەسكەرنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تېلېفون بىلەن ما جەنساڭدىن بىر تۈەن ئەسكەر ياردەم بېرىشنى سورايدۇ. ئۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ. 3- ئاۋغۇست سىجاڭ ماشىنا بىلەن لەڭگەرگە بېرىپ، ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ،

ما جەنساڭنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى ياردەمگە كېلىدىغانلىقىنى ھامتخانغا ئۇقتۇرۇپ: ئوسماننى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇيۇپ ماشىنا بىلەن قايتىدۇ. سىجاڭ سەمەن توغراقلىق مازارغا كەلگەندە، ما جەنساڭنىڭ ياردەمگە چىقارغان تۈەنجاڭ كاڭ مازا باشچىلىقىدىكى بىر تۈەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. كاڭ مازا تۆمۈر سىجاڭنى كۆرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن قىياپەتتە ئەسكەرلىرىنى ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا دوكلات بېرىشكە بارىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى، ئۇلارغا ئورۇن راسلاپ قويغانلىقىنى، دەرھال لەڭگەرگە يېتىپ بېرىشنى تاپشۇرۇپ، ماشىنىغا چىقاي دەۋاتقاندا كاڭ مازىنىڭ يېنىدىكى ئەسكەر تۆمۈر سىجاڭنى ئاتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەملەردىن تۆتىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئىككىسى قېچىپ كېتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ قەشقەر شەھىرىدە سازايى قىلىدۇ. شۇ چاغدا شەھەر مۇھاپىزىتىدە يۇسۇپجان تۈەنجاڭ، توختى لىيەنجاڭ، ئىدرىس لىيەنجاڭلار قالغانىدى. ئۇلار يار باغ دەرۋازىسىدا بولۇپ، ھەممە ئەسكىرى 400 دىن ئاشمايتتى.

ئۇلار ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى سازايى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇلارغا قارشى ئوت ئاچىدۇ. شۇ ئوتتۇرىدا ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، يۇسۇپجانلار يۈڭ تايلىرىدىن بارگاھ ياساپ، ھېيتگاھنى ئىگىلىۋالىدۇ. شۇ چاغدا ئۆستەڭ بويى، قۇم دەرۋازىسى، يېڭى دەرۋازا ما جەنساڭنىڭ قولىدا بولۇپ، ئىككى تەرەپ شەھەر تالىشىپ قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلىدۇ.

# ئوسماننىڭ قايتىپ كېلىشى

تۆمۈر سجاڭنىڭ ما جەنساڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئوسمان ئېلى دەرھال قەشقەرگە كېلىپ يۇملاق شەھەر كۆلبېشىغا ئورۇنلىشىدۇ. شۇ ھامان ما جەنساڭ 100 دەك ئەسكەر بىلەن ئوسمانغا سجاڭلىق ئۇنۋان بىلەن تامغا كىرگۈزۈپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇ ما جەنساڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز يېنىغا كىرگۈزمەيدۇ، ھەتتا ما جەنساڭغا خەت يېزىپ قەشقەر كونىشەھەردىكى ئەسكەرلىرىنى دەرھال يېڭىشەھەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ما جەنساڭ ئېغىزىدا ماقۇل دەپ قويۇپ، ھە دەپ ئارقىغا سۈرىدۇ. ئوسمان ما جەنساڭنىڭ يەنە بىر سۇيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قەشقەردىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ ما جەنساڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچىدۇ، شۇنداقلا تۆمۈر سجاڭنىڭ خوتەنگە كەتكەن، يېڭىساردىكى، لەڭگەردىكى ئەسكەر باشلىقلىرىغا خەت يېزىپ ئۇلارنى چاقىرتىدۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە ئوسمان يۇسۇپجان قۇر بېشى، توختى لىيەنجاڭ، ئىدرىس لىيەنجاڭلارنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىنى يېڭىشەھەرگە چېكىنگەندە، ئوسمان 100 دەك ئەسكەرنى سۆگەل مازارغا مۆكتۈرۈپ قويۇپ، چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى نۇرغۇن چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى ھېچ يەردە توختىيالماي ئۇدۇل يېڭىشەھەرگە قېچىپ دەرۋازىنى تاقىۋالىدۇ. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئوسماننىڭ ئىنىسى ئۆمەر ئۆلىدۇ.

تۆمۈر سجاڭنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندا لۈيجاڭ ھەمدەم بەگ ھاجى تۆمۈر سجاڭنىڭ كۈچاردىن كېلىۋاتقان بالا- چاقىلىرىنىڭ ئالدىغا پەيزىۋاتقا

كەتكەنىدى. ھامتخان لۈيجاڭ بولسا، ئوسماننى قوغلاپ چىقىپ لەڭگەردە تۇرۇپ قالغانىدى. ھاپىز لۈيجاڭ بولسا گۇمدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە خەت يېزىپ: «بۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى تۆمۈر سىجاڭدىن ئۆتتى. مەن ھېچقانداق ئاداۋەت ساقلىمايمەن، سىلەر دەرھال قايتىپ كېلىڭلار. ھەممىمىز بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، ما جەنساڭغا قارشى ئۇرۇش قىلايلى، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى» دەپ ۋەدە بەردى. ئۇلار ئارقا- ئارقىدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىگە قاتناشتى. شۇنداق قىلىپ ھامتخان لۈيجاڭ، ھەمدەم بەگ ھاجى لۈيجاڭ، ئوسماننىڭ بولۇپ، يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا 1400 دەك ئەسكەر قاتنىشىدۇ (شۇ چاغدا يېڭىشەھەردە 1700 دەك ئەسكەر بار ئىدى). ئۇنىڭ كەينىدىن يېڭىسارىدىن ئەخمەتخان لۈيجاڭ 200 دەك ئەسكەر بىلەن كېلىپ ئۇمۇ يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا قاتنىشىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ قورالسىزلاندۇرۇپ نەزەربەند قىلىپ قۇيۇلغان ئەمىر ساھىب نۇرمۇھەممەدمۇ بوشاپ ئۆزىنىڭ 500- 600 دەك ئەسكىرىنى توپلاپ يەكەنگە قايتىپ كېتىدۇ.

ھاپىز لۈيجاڭ، سىتىۋالدىجان، كىچىك ئاخۇنلار 800 دەك ئەسكەر بىلەن گۇمدىن قايتىپ يەكەنگە چۈشكەندە شامەنسۇر ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا: ئۆتكەنگە سالاۋات، سەۋەنلىك تۆمۈر سىجاڭدىن ئۆتتى. شۇڭا بىر- بىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆپ قان تۆكۈلۈپ كەتتى. ئەمدى ئالدىمىزغا قاراپ، قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن قەشقەر يېڭىشەھەر ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭلار، مەنمۇ خوتەنگە بېرىپ ئەسكەر ئېلىپ كېلىمەن. دەپ ئۇلارنى قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويىدۇ. (بۇ سۆزنى قادىر ھاجىغا شامەنسۇر يېڭىسارىدا سۆزلەپ بەرگەن.)

## ئابدۇقادىر ھاجىنى ئوسماندىن ئايرىۋېتىش

تۆمۈر سىجاڭ ئوسماننىڭ قولىدىكى ئەسكەرلىرىنى پارچىلاپ تاشلاش ئۈچۈن مېنى (ئابدۇقادىر ھاجىنى) ئەسكەرلىرىم بىلەن ئۆزىگە قاراشلىق 7- تۇەن قىلىپ پەيزىۋاتتا يۆتكىدى. مەن 1933- يىل 7- ئاينىڭ 28- كۈنى پەيزىۋاتتا يېتىپ بېرىپ تۇرۇشۇمغا تۆمۈر سىجاڭدىن: ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ ئاقسۇغا بېرىپ خوجنىياز ھاجىمغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇق كەلدى. مەن بۇيرۇققا بىنائەن ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ 7- ئاينىڭ 30- كۈنى پەيزىۋاتتىن ئاتلىق، ھارۋىلىق، پىيادە بولۇپ 300 دەك ئەسكەر بىلەن يولغا چىقىپ 8- ئاينىڭ 7- كۈنى ئاقسۇغا يېتىپ باردىم. شەھەرگە يېقىن قالغاندا باي سىجاڭ، ۋالىي ئايۇپ بەگلەر بىرقانچە يۈز ئەسكەر بىلەن ئالدىمىزغا چىقتى.

بىزگە راسلىغان تائامlاردىن غىزالىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىزگە تەييارلىغان ئاقسۇدىكى سارايغا ئورۇنلاشتۇق. مېنىڭ بىلەن ئاقسۇغا بارغانلار ئىچىدە فۇ تۇەنجاڭ يۈسۈپ ئاخۇن، ليەنجاڭلاردىن سايىت ئاخۇن، ئابدۇشۈكۈر ئاخۇن مەخسۇملار بار ئىدى. بىز پەيزىۋاتتا ماڭىدىغان چاغدا ئوسمان بىزنىڭ تۇەندىن ئىدرىس لىيەنجاڭنى ئېلىپ قالغان ئىدى. خوجنىياز ھاجىم شۇ چاغدا بۈگۈردە ئىكەن. بىز بېرىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن باي سىجاڭ بىلەن ۋالىي ئايۇپ بېك بىزنىڭ سارايغا كېرىپ كەلدى. قارىسام قولىدا بىر پارچە ئالاقە تۇرىدۇ. ئۇ، ئوسمان سىجاڭنىڭ باي سىجاڭغا يازغان ئالاقىسى ھەم مېنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كېلىشىم توغرىسىدىكى بۇيرۇق ئىكەن. (ئۇ چاغ تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلۈپ ئورنىغا ئوسمان ئېلى دەسسىگەن چاغ بولۇپ، ئالاقىگە تۆمۈر سىجاڭنىڭ

ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسى قىستۇرۇلغانىكەن.) بىز بۇيرۇق بويىچە قايتايلى دېدى. باي سىجاڭ بىلەن ۋالىي ئايۇپ بېكمۇ قوشۇلدى. شۇنداقلا، قەشقەر مەسلىسى ھازىر قارا شەھەر مەسلىسىدىنمۇ مۇھىم. خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەمگە بىز ئەسكەر ئەۋەتىمىز، سىز ھايال بولماي قەشقەرگە قايتىڭ، دېدى ھەم بىرقانچىمىزنى ۋالىي مەھكىمىسىگە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى بىز بېرىپ ئىككى سائەتتەك پاراڭلاشتۇق. پاراڭنىڭ مەزمۇنى، قارا شەھەر ۋەقەسى، قەشقەر ۋەقەسى، تۆمۈر سىجاڭ، شامەنسۇر ۋەقەسى ۋە ئوسمان سىجاڭ ئۈستىدە بولدى. باي سىجاڭ: «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتىپاقسىزلىقتىن بولغان. تۆمۈر سىجاڭ دوست - دۈشمەننى پەرق ئېتەلمىگەن، ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىگە سال قارىغان، ئەگەر قەشقەر يېڭىشەھەر مەسلىسى بۇرۇنلا ھەل بولغان بولسا، خوجىنىياز ھاجىممۇ بۈگۈرگە چېكىنمىگەن بولاتتى. ما جۇڭيىڭمۇ قەشقەردە ھەربىي كۈچى بولمىغان بولسا، ئۇ بۇياققا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلايلى» دېدى.

بىز ئاقسۇدىن 8- ئاينىڭ 10- كۈنى يولغا چىقتۇق. 18- كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ ئاربباغ دېگەن يېرىگە ئورۇنلىشىپ يېڭىشەھەر ئۇرۇشىغا قاتناشتۇق. 8- ئاينىڭ 20- كۈنى ئوسمان سىجاڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كىردىم. ئوسمان مەن بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ھەمدە مەندىن ئايرىلغاندىن بۇيان بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، ئىنسى ئۆمەرنىڭ ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. يېڭىشەھەر ئۇرۇشى تۇرۇپ جىددىي، تۇرۇپ بوشاپ قالاتتى. قىسقىسى، قالايمىقان ئىدى. ھەر بىر تۈەن لۈيلەرنىڭ باشلىقلىرى ئۆز

ئالدىغا ئۇرۇش قىلاتتى. ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرەتتى، ما جەنساڭنىڭ ئەسكەرلىرى دەرۋازىدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلسا قاچاتتى، چېكىنسە قوغلمايتتى. ئىشقىلىپ ئۇرۇش توغرىسىدا تۈزۈكرەك پىلانمۇ يوق ئىدى، يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ يوق ئىدى. پەقەت مۇھاسىرە قىلىش ئۈچۈنلا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، شۇ ئەھۋالدىن قاراپ يېڭىشەھەرنى ئېلىشتىن ئۈمىد يوق دەپ قارىدىم.

بىر كۈنى ئوسمان سىجاڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىمنىڭ ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكەپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدىم. جىق تالاش- تارتىشتىن كېيىن ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلدى ھەم ئورنۇمغا كىمنى قويۇشنى سورىدى. مەن فۇ تۈەنجاڭ يۈسۈپ ئاخۇننى كۆرسەتتۈم، ئوسمان قوبۇل كۆردى.

8- ئاينىڭ 28- كۈنى ئوسمان سىجاڭدىن مىنىڭ يېڭىسارغا ھاكىم بولغانلىقىمنى، تۈەنجاڭلىقنى يۈسۈپ ئاخۇنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىم توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشتى. مەن خىزمەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېڭىسار ناھىيىسىگە ماڭدىم.

## ساۋۇت داموللامنىڭ ئاتۇشتىن قەشقەرگە قايتىپ كىرىشى، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زىددىيەت

تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ساۋۇت داموللام نەزەربەندتىن قۇتۇلۇپ ئاتۇشقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئوسمان ئېلى سىجاڭ بولغاندىن كېيىن داموللام ئاتۇشتىن قايتىپ كېلىپ، ئوسمان بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئوسمان قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ھەم بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپ،

ئىتتىپاقلىششىنىڭ لازىملىقىنى كۆرستىدۇ. ئاندىن ساۋۇت داموللام ئوسمانغا قەشقەردە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ئىش باشقۇرۇش ئورنىنى قۇرۇشنى، شۇ چاغدىلا خوتەنمۇ قەشقەر يېڭىشەھەر ئۇرۇشىغا ئۇنۇملۇك ياردەم بېرەلەيدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭغا ئوسمان قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 8- ئاينىڭ 15- كۈنى قەشقەر شەھرىدە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلىدۇ. ئىدارىنىڭ باشلىقلىقىغا ساۋۇت داموللام، مۇئاۋىنلىقىغا زىرىپ قارى ھاجىم، باش كاتىپلىقىغا مۇساجان، مالىيە ئىشىغا سۇلتان بېك تەيىنلىنىدۇ. ئوبۇلھەسەن ھاجىم ئوراز بېك، يۇسۇپجان، مۇختەر قاتارلىق تۆت كىشى ھەيئەت ئەزالىقىغا بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئىدارىنىڭ دەسلەپكى ۋەزىپىسى خوتەندىن كەلگەن پۇل، ماددىي نەرسىلەرنى ھەربىي قىسملارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

خوتەندىن كەلگەن پۇل- پىچەكلەر ئوسماننىڭ سەمگە سېلىنمايلا بىراقلا خوتەن ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن قىسملارغا بىۋاستە تارقىتىلغاچقا بۇنىڭغا ئوسماننىڭ بىر ئاز قورسىقى كۆپىدۇ. لېكىن بۇ ئىدارە ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئۆز ئىشىنى ئاۋۋالقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. شۇنداقلا كېيىنكى چاغلاردا ئوسماننىڭ مىجەزى چۇسراق بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لۈيجاڭ، تۇەنجاڭلارمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق- چۈشەك ئىشلار ئوسمان بىلەن ساۋۇت داموللام، ئوسمان بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەز پەيدا قىلىدۇ.

ئوسمان بىلەن خوتەن ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغانلىقنى سەزگەن ھاپىز لۈيجاڭ بىلەن كىچىك ئاخۇنلار ھە

دەپ ھەربىي باشلىقلار ئوتتۇرىسىدا، خوتەن ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقى تېرىيدۇ ھەمدە بىر قىسىم پىتنە-پاساتلارنى تارقىتىپ بۇ ئىدارىنى تارقىتىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئىدارە بارغانسېرى راۋاجلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ئورگىنى بولۇپ قالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن تەييارلىقلار ئارقىلىق 1933-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەمەلدىن قېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى قۇرۇلدى. جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە ساۋۇت داموللام، ھەيئەت ئەزالىقىغا زىرىپ قارى ھاجىم، شەمشىدىن داموللام، ئوراز بېك لۈيجاڭ، ئابلاخان، سۇلتان بېك، يۈسۈپجان قۇر بېشى، مۇساجان، ئوبۇلھەسەن ھاجىم، قاسىمجان ھاجىم، ئابدۇقادىر ھاجى قاتارلىق 11 كىشى سايلاندى. جەمئىيەت قۇرۇلۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا ساۋۇت داموللام سۆز قىلىپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ نىشانىسى شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ كۆرسەتتى.

يىغىنغا قاتناشقان ھەربىي، مەمۇرى باشلىقلار بىردەك بۇ جەمئىيەتنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى، يېڭى شەھەر ئۇرۇشىنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا يول ئاچىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئوسمان سىجاڭ، ھاپىز لۈيخاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلار كەلمىدى. (ئەمما تەكلىپ قىلىنغان) شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن

ئۆتكۈزۈپ ئوراز بېك لۈيجاڭنى ئوسماننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىتا ئوسمان سىجاڭنىڭ قانداق پىكرى بارلىقىنى سورايدۇ.

ئوسمان: بۇ توغرىدا مىنىڭ پىكرىم يوق. بىزنىڭ ئىنقىلاب قىلىشتىن مەقسىتىمىزمۇ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت. لېكىن بۇ ھەرىكەتكە مېنى باشتىن ئاخىر قاتناشتۇرمىدى. خوتەن ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەقسىتى، مېنى ئارىدىن سىقىپ چىقىرىش دېدى. ئورازبېك بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىتىنى، ئوسماننى چەتكە قاقمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ چاغدا ئوسمان مەن بۇنىڭغا قۇشۇلىمەن، ھۆكۈمەت باشلىقى كىم بولىدىكەن، دەپ سورايدۇ. ئۇزار بەگ ھازىرچە تېخى ئېنىق ئەمەس، بەلكى خوجنىياز ھاجىم بىرىنچى باشلىق، ساۋۇت داموللام ئىككىنچى باشلىق بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ. ئوسمان بۇنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئوراز بەگ ئوسماننىڭ ئالدىدىن قايتىپ كېلىپ، سابىت داموللىغا ئوسمان بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ مەزمۇننى يەتكۈزىدۇ. سابىت داموللا: ئوسمان سىجاڭ بىلەن يەنە سۆزلىشىمىز دەپ قويىدۇ. شۇ كۈنلەردە، ئوسمان بىلەن ئوراز بەگنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. سۆھبەتتىن كېيىن ئوراز بېك لۈيجاڭ، ئابدۇللا لۈيجاڭ، قوشمەت تۈەنجاڭلار 600 دەك ئەسكەر بىلەن ئوسماندىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئىستىقلال جەمئىيىتىنى ھمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئوسمان 300 دەك ئەسكەر بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلماي چەتتە قېلىپ قالىدۇ. ھاپىز لۈيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۈەنجاڭلار

ئېغىزىدا ھە دەپ قۇيۇپ ئەمەلىيەتتە ھېچقايسى تەرەپكە قوشۇلماي يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىشتا تۇرۇۋېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجىمغا خەت يېزىپ ساۋۇت داموللام، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىر بولۇۋېلىپ ئۆزلىرىنى خاپا قىلارمىكىن دەپ ئوتتۇرىدا گۇمان پەيدا قىلىدۇ. (مۇنداق خەتتىن بىر پارچىسى تۇتۇلۇپ قالغان) لېكىن ساۋۇت داموللام مۇنداق خەت يازغانلارنى جازالىمىدى، ئىنقىلاب مەزگىلىدە مۇنداق ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ دەپ قارىدى.

مەسىلەن: خوجىنىياز ھاجىم ما فۇيۈەندىن يېڭىلىپ ئاقسۇغا چېكىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا ئىنقىلابنىڭ داھىيسى دەپ تونۇپ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئېلى ھاجىمنى مالىيە نازىرلىقىغا، ئابدۇكېرىم خاننى جۇمھۇرىيەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ماخمۇت مۇھىتىنى ئەركان ھەربىي رەئىسلىكىگە، يۇنۇسبېكنى ئىچكى ئىشلار نازىرلىقىغا سايلىدى. ساۋۇت داموللامنىڭ شۇ چاغدىكى مەقسىتى ئىلاج قىلىپ ھەربىي، ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ھۆكۈمەت ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئىدى.

## كۆتۈلمىگەن مېھمان

33- يىلى 9- ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ھىندىستان تەرەپتىن كەلگەن ئەخمەت تەۋپىق دېگەن بىر كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركىيە سۇلتانلىقىدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان بولۇپ، سۇلتان مەغلۇپ بولۇپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، ئۇ، ئىراققا قېچىپ كەتكەن. ئۇ قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنى ئاڭلاپ كەلگەنىكەن. ئۇنى

ھۆكۈمەت مامۇتخان بايۋەچچىنىڭ بېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ باغدىكى چاغدا، قەشقەردىكى نۇرغۇن ھەربىي، مەمۇرى باشلىقلار ۋە بايلار كۆرۈشكىلى چىقىدۇ. كۆرۈشكىلى چىققان ئادەملەرگە: يېڭىشەھەر ئۇرۇشنى بۇنداق ئۇرۇش بىلەن بىر تەرەپ قىلالمايسىلەر، ئەگەر ئەسكەرلەرنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرسە، قەشقەر يېڭىشەھەرنى بىرنەچچە كۈندىلا ئالاتتىم دەيدۇ ھەمدە قەشقەر يېڭىشەھەرگە چىقىپ ئۇرۇشۇۋاتقان ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىپ، ئوسمان سىجاڭنىڭ قېشىغا كىرىدۇ ھەمدە ئوسمانغا: «ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، ئەسكەرلەرنى باشقىدىن تەشكىللەپ، ھەربىي مەشقنى كۈچەيتىپ، كوماندىرلارغا قوماندانلىق قىلىش دەرسى ئۆتىمەن، شۇنداق قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەرنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا بىر تەرەپ قىلىمەن» دەيدۇ. ئوسمان بۇنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ جاۋاب بېرەي، دەپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. ساۋۇت داموللام تەۋپىق ئەپەندىنىڭ بۇ سۆز ھەرىكىتىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ئۇنىڭ ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، مېھمان سۈپىتىنى ساقلاشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت تەۋپىق بىر ئاز جىمىققان بولىدۇ. لېكىن ئىستىقلال جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا ئۇ يەنە ئۇنىڭغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ چاغدا ساۋۇت داموللام قەتئىي رەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەۋپىق ئەپەندىمۇ يوقاپ كېتىدۇ.

## ئوسمان سىجاڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم تاغقا چىقىپ كېتىشى

ئىستىقلال جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ نۇرغۇن ھۆكۈمەت ئىشلىرى شۇ جەمئىيەت ئارقىلىق يۈرۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قىسىم ئەسكەر باشلىقلىرى، ئەسكەرلىرى بىلەنلا ئىستىقلال جەمئىيىتىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، ئوسمان ئېلى ئۆزىنى چەتكە قېقىلىپ قالغاندەك ھېس

قىلىپ بىر قىسىم گۇمان. ئەندىشىلەرگە بېرىلىپ، 33. يىلى 10. ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قول ئاستىدىكى 300 دەك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قىزىلبويىغا چىقىپ كېتىدۇ.

ئىستىقلال جەمئىيىتى يۈسۈپجان قۇر بېشى ۋە قوشمەتلەرنى 400 دەك ئەسكەر بىلەن ئوسماننى چاقىرىپ كېلىشكە چىقىرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازىدۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:« ئوسمان سىجاڭغا سالام، ۋاقىپ بولساق، سىز ئۆزىڭىزچە ھېچ گەپتىن. ھېچ گەپ يوق، قېيداپ تاغقا چىقىپ كېتىپسىز، بەلكى بىر قىسىم يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ پىتنە. پاسات گەپ. سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، جەمئىيىتىمىز مۇزاكىرە قىلىپ يۈسۈپجان بىلەن قوشمەتنى چىقاردى. شۇلار بىلەن بىرگە قايتىپ كىرىپ، ئۆز ئورنىڭىزدا ئولتۇرۇڭ، سىز ئىنقىلابقا كۆپ تۆھپە قوشتىڭىز، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق. سىزگە ھېچقانداق دەخلى. تەرۇز قىلىنمايدۇ، بەلكى ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرۇلىسىز، مەن (ساۋۇت داموللا) سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا جەمئىيەت نامىدىن كاپالەتلىك قىلىمەن».

يۈسۈپجان، قوشمەتلەر ئەسكەرلىرىنى قىزىلبۇيىغا باشلاپ بېرىپ ساۋۇت داموللامنىڭ ئوسمانغا يازغان خېتىنى كۆرۈپ ئىككى كىشىدىن ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئوسمان خەتنى كۆرۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەكىللەرنى قايتۇرىدۇ ھەمدە مۇداپىئەنى كۈچەيتىدۇ. ئىككى كۈنمۇ توشىدۇ، ئوسماندىن جاۋاب بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپجان، قوشمەتلەر ئوسماننى قىستاپ مۇھاسىرە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئوسمان بۇنى كۆرۈپ ئۇلارغا قارىتا ئوق چىقىرىدۇ، ئوتتۇرىدا بىر ئاز ئۇرۇشمۇ بولىدۇ. ئاخىرىدا يەنە ئىككى تەرەپ ۋەكىل چىقىرىپ

سۈھبەتلىشىدۇ. ئوسمان ئۇلارغا: ئۆزىنىڭ قورال تاپشۇرمايدىغانلىقىنى، يولنى ئېچىپ بەرسە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قەشقەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كىرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ساۋۇت داموللام قورالنى تاپشۇر دېسە، شۇ چاغدا قورال تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يولنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئوسمان شۇ ماڭغانچە ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشىدىكى ئۆز ئورنىغا ئورۇنلىشىدۇ ھەمدە ساۋۇت داموللام بىلەن ۋەكىل ئارقىلىق سۆزلىشىدۇ. ساۋۇت داموللام ئوسمانغا بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇشنى، بىر قىسمىنى ئۆز يېنىدا ساقلاشنى تاپشۇرىدۇ. ئۇمۇ داموللام ئېيتقانغا قىلىدۇ. لېكىن ئارىلىقتا ئوسمان بىلەن ئورازبېك، قوشمەت، يۈسۈپجانلار ئوتتۇرىسىدىكى كونا زىددىيەت كۆچىيىپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئوسمان ئۆزىنىڭ يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىگە قاتنىشىۋاتقان ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئورازبېك، قوشمەت، يۈسۈپجانلار ئىستىقلال جەمئىيىتىگە ئوسماننىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ھەمدە ئوسماننى مۇھاسىرىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغان يۈسۈپجان 400 دەك ئەسكەر بىلەن يۇمىلاق شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوسماننى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. بۇ چاغدا زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ ئۆز- ئارا ئۇرۇشۇپ قالىدىغاندەكلا ۋەزىيەت يۈز بېرىدۇ.

ساۋۇت داموللام ئوسمان بىلەن ئورازبېك، يۈسۈپجانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئوسمانغا خەت يېزىپ، ئۇنى قورال، ئەسكەرلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دەم ئېلىشنى ئۇنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى، بولمىسا، بۇ ئوتتۇرىدىكى سۈركىلىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئوسمان

بۇ خەتنى كۆرۈپ، جەمئىيەتنىڭ بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىپ ئەسكەر ۋە قورال‌لارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىستىقلال جەمئىيىتى بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىپ ئۇنىڭ ئەسكەر ۋە قوراللىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنى ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بېغىدا دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوسماننىڭ ھەربىي خىزمىتى ئاياغلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىر ئاز پەسلەپ يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسى كۈچەيتىلىدۇ. شۇ مەزگىلدە ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ ئىختىيارىدا ئالتە لۇي، 12 تۇەن بولۇپ، ئومۇمىي ئەسكەر سانى 3000 دەك ئىدى، ئۇنىڭدىن 2400 دەكى يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىگە قاتنىشاتتى، يۇسۇپجاننىڭ قول ئاستىدىكى 400 دەك ئەسكەر قەشقەر كونىشەھەرنى مۇھاپىزەت قىلاتتى، قەشقەر يېڭىشەھەردە ما جەنساڭنىڭ 2000 دەك ئەسكىرى بار ئىدى.

شۇ مەزگىلدە يەكەندىن چەرچەنگىچە بولغان 12 ناھىيىنى خوتەن ئەمىرى مەمتىمىن ھەزرەت ئىدارە قىلاتتى. قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق توققۇز ناھىيىنى شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى ئىدارە قىلاتتى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق توققۇز ناھىيىنى باي سىجاڭ ئىدارە قىلاتتى. (كېيىنرەك ئاقسۇغا خوجىنىياز ھاجىم كەلدى). مۇشۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەممىسى خوجىنىياز ھاجىمنى ئىنقىلابنىڭ يېتەكچى دەپ تونۇيتتى ھەم ھاجىمغا بەيئەت قىلاتتى.

8- ئايدىن 10- ئايغىچە بولغان يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش ئۇرۇشىدا ھېچقانداق نەتىجە كۆرۈلمىدى، ھەتتا ما جەنساڭنىڭ

ئەسكەرلىرى كۆپكۆندۈزدە يېزىلارغا چىقىپ دېھقانلارنى بۇلاپ- تالاپ كىرىپ كېتىدىغان بولدى. بۇنى ئىستىقلال جەمئىيىتى بىر تەرەپ قىلالمىدى.

## شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئاۋۋال قۇرۇلغان خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن قورۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى دېگەن تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق ئورگانلىرى ئىدى، بۇ ئورگانلار قەشقەر شەھىرىدە بىر مەزگىل ھەربىي ۋە خەلق ئارىسىدا خىزمەت ئىشلەپ يۈرۈپ ھەربىيلەرنى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى، شۇنداقلا بۇ ئورگان ھۆكۈمەت ئورنىدا ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، خىزمەتكە بەلگىلەش، خىزمەتتىن قالدۇرۇش، ھەربىيلەرنى يۆتكەش، جازالاش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئاستا- ئاستا ئىلكىگە ئېلىپ، خەلق ئارىسىدا مەلۇم نوپۇز پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەشكىلات جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا شەرت- شارائىت پىشىپ يېتىلدى، دەپ ھېسابلىسا كېرەك، 1933- يىلى 11- ئاينىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ چوڭ يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا شۇ جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى قاتناشقاندىن تاشقىرى خوتەندىن قاسىمجان ھاجىم، يېڭىساردىن مەن (قادىر ھاجى) قاتارلىق 20 نەپچە كىشى قاتناشتۇق. بىر قانچە كۈنلۈك تالاش- تارتىشلاردىن كېيىن 11- ئاينىڭ 7- كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى جازىسى شەكىللەندى ھەم ئۇنىڭ باشلىقلىرى سايلاپ چىقىلدى (بىر قىسىملىرى ئۆزى بولمىغانلىقى ئۈچۈن سىرتىدىن كۆرسىتىلدى).

جۇمھۇرىيەتنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە:

ھۆكۈمەت ئىسمى- شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى؛

دۆلەت بايرىقى- ئاي- يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق؛

دۆلەت قانۇنى قۇرئان كېرىم ئاساس قىلىندۇ؛

دۆلەت بەلگىسى- ئىككى باش بۇغداينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنغان ئاي يۇلتۇز.

ھۆكۈمەتكە سايلىنىدىغانلارغا ھەربىر ئادەم 16 ئادەم كۆرستىش. شۇنداق قىلىپ جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىكىگە سايلانغانلار:

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە: خوجىنىياز ھاجىم (قۇمۇل).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش ۋەكىللىكىگە (زۇڭلى) ساۋۇت داموللا (ئاتۇش).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدلىيە ۋەكىللىكىگە زىرىپ قارى ھاجىم (قەشقەر ئۆزبېك).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ خارجى ئىشلار ۋەكىللىكىگە قاسىمجان ھاجىم (خوتەندىن).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەكىللىكىگە يۇنۇس بېك (تۇرپاندىن).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مالىيە ۋەكىللىكىگە ئېلى ھاجىم (ئاتۇشتىن).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ ۋەكىللىكىگە ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم (قەشقەردىن).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەھىيە ۋەكىللىكىگە ئابلاخان (ئۆزبېك).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەۋقاپ ۋەكىللىكىگە شەمشىدىن داموللا (ئاتۇشتىن).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى سودا ۋە يېزا ئىگىلىك ۋەكىللىكىگە ئوبۇلھەسەن ھاجىم (ئاتۇشتىن).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە ۋەكىللىكىگە ئوراز بېك (قىرغىز).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھەربىي ئىشلار باش رەئىسلىكىگە ماخمۇت مۇھىتى (تۇرپاندىن).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى باش ۋاكالەت، باش كاتىپلىقىغا مەھەممدىن ھاجىم (قەشقەردىن).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھەربىي تەمنات (ئارقا سەپ) سۇلتان بېك (ئۆزبېك).

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مەركىزى قوماندانلىق شتابىغا يۈسۈپجان (ئۆزبېك) قاتارلىق 16 ئادەم سايلاندى.

33- يىلى 11- ئاينىڭ 10- كۈنى ماھى رەجەبنىڭ 21- كۈنى شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ھەم ئۇنىڭ تەركىبى چوڭ يىغىن ئېچىپ ئېلان قىلىندى.

قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدە ناھايىتى كەڭ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىك بولۇپ، شۇ ئورۇنغا سەھنە راسلاندى. پەيشەنبە قەشقەر شەھىرىنىڭ بازار كۈنى بولۇپ شۇ كۈنى يېزىلاردىن ناھايىتى كۆپ ئادەم كىرگەندى. پۈتۈن مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغاندى. يىغىن مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپى، مەكتەپ، دۇكان، كوچا دوقمۇشلىرىغا شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى ئېسىلغانىدى. پۈتۈن مەيدان ھەربىي، خەلق ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغانىدى.

سائەت 11لەردە ساۋۇت داموللام باشلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە، خەلق كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن: ئامىن، ئامىن، دەپ توۋلاپ ئۇلارغا تەنتەنە قىلىشتى. يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن 41 پاي ھۆرمەت توپى ئېتىلدى. شەمشىدىن داموللا يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تەركىبىنى ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا پۈتۈن مەيدان «ئامىن» دېگەن ئاۋاز بىلەن تولدى. ئاندىن باش ۋەكىل (باش ۋەزىر) ساۋۇت داموللام شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۈرگۈزىدىغان

ئىچكى- تاشقى سىياستى، ئۇنىڭ كەلگۈسى نىشانىسى ئۈستىدە ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى.

يىغىن سائەت بىرلەردە ئاخىرلىشىپ ساۋۇت داموللام باشچىلىقىدا پۈتۈن ھەربىي ۋە خەلق ھېيتگاھقا قاراپ (نامايىش قىلىپ) ماڭدى.

ساۋۇت داموللام ھېيتگاھتا توپلانغان جامائەتكە يەنە سۆز قىلدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر ياشلىرىنى پىدائىي بولۇشقا، يېڭى شەھەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىششقا چاقىردى.

شۇ كۈنى يىغىندىن كېيىنلا ئاقسۇدىكى خوجىنىياز ھاجىمغا خوتەندىكى مەمتىمىن ھەزرەتكە، قەشقەردە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ شەكلى، بايرىقى، قانۇنى، دۆلەت بەلگىسى، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتى، سايلام نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىپ خەت يېزىلدى. ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ۋە ئىسىملىكلەر توغرىسىدا خوجىنىياز ھاجىمدىن پىكىر ئېلىنغان، ھاجىممۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خوجىنىياز ھاجىم، مەمتىمىن ھەزرەتلەردىن ھۆكۈمەتكە قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا جاۋابمۇ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ تۆت ۋىلايەت شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە شەرقى تۈركىستانىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى چىقاردى (ئاقسۇ قانداق قىلدى، ئۇنى بىلەلمىدىم).

يىغىنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يەنى 33- يىل 11- ئاينىڭ 11- كۈنى پۈتۈن ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر يىغىلىپ ھەر بىر مەھكىمىنىڭ ئورنىنى ۋە قىلىدىغان خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

باش ۋەكىلىنىڭ ئورنى- ۋالىي مەھكىمىسى.

ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئورنى- ۋالىي مەھكىمىسىدىكى باغ.

خارجى ئىشلار مەھكىمىسى- ۋالىي مەھكىمىسىدىكى باغ.
ئەدلىيە مەھكىمىسى- گۈڭگا (قۇم دەرۋازا).

مالىيە نازارىتى- كونا مالىيە ئىدارىسى.

مائارىپ نازارىتى- ئۆستەڭ بويىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنا.

ئەۋقاپ مەھكىمىسى- قۇم دەرۋازىسىدىكى كونا پۇلخانا.

سەھىيە نازارىتى- يار باغرىدىكى دوختۇرخانا.

ھەربىي نازارەت- يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشىدىكى سىبۇ.

سودا- يېزا ئىگىلىك مەھكىمىسى- يارباغدىكى سوۋسىنتورگ ئورنى.

ھەربىي تەمىنات ئىدارىسى- يارباغدىكى سوۋسىنتورگ ئورنى.

ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ھەر بىر ئىدارە شۇ كۈندىن تارتىپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلارغا كۆچۈپ ئىش باشلىدى. ئەۋقاپ نازارىتى- مازار، يول، كۆۋرۈك ۋەخپىلىرىنىڭ ئىجارە ئاشلىقلىرىنى يىغىپ دارىلئاجىز قۇرۇپ،

ئاجىز، يېتىم، ئىگە- چاقىسىزلار، تۇل خوتۇن، قېرىلارنى ۋە بالىلارنى يىغىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، تەربىيىلەش ئىشىنى باشلىۋەتتى.

سودا نازارىتى- چەتئەل بىلەن سودا قىلىدىغان سودىگەرلەردىن 3% باج ئېلىشنى، چەتكە چىقىرىدىغان ماللارنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈشنى، سىرتتىن كەلتۈرىدىغان ماللارنى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. بۇ ئىشلارغا باۋۇدۇن باينىڭ بوغالتىرى مۇختەر دېگەن كىشى قويۇلدى.

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن نەشرىيات ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭغا قۇتلۇق ھاجى (قۇتلۇق شەۋقى) مەسئۇل قىلىندى. نەشرىياتقا لازىملىق باسما ماشىنىلىرى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن ئارىيەت ئېلىندى، ھەرپ تىزىدىغان ئادەملەر تەربىيىلەندى. شۇنداق قىلىپ 10- ئاينىڭ 15- كۈنى (33- يىلى) دىن باشلاپ ھەپتىدە بىر قېتىم گېزىت چىقىرىش يولغا قويۇلدى. گېزىتنىڭ ئىسمى«شەرقى تۈركىستان ھەپتىلىك گېزىتى» بولدى. 12- ئايدا «ئىستىقلال» دېگەن ئايلىق ژۇرنال چىقىرىلدى. بۇ ژۇرنالغا: (بىرىنچى سانغا) شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتى، ئىسملىكى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتى، نىزامنامىسى بېسىلدى (شۇ كۈنگە قەدەر قەشقەر ۋىلايىتىدە ژۇرنال يوق ئىدى).

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتى، مۇستاپا كامال، مەخمۇت نادىم ئىسىملىك ئىككى دوختۇرنى ھۆكۈمەتنىڭ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

33- يىلى 11- ئاينىڭ ئاياغلىرىدا شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئۈستۈن ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر ھاجىم ئالتۇن چىش دېگەننى دوختۇر مۇستاپاغا قوشۇپ ھىندىستانغا شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنى ھىندىستان رادىئوسىدا دۇنياغا ئېلان قىلىشقا ئەۋەتتى. (شۇ چاغدا ھىندىستان رادىئوسىدا ھەم بىر قانچە گېزىتتە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ھەم ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.)

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنى 1933- يىلى 12- ئايلاردا قەغەز پۇل ۋە مىس پۇل چىقىرىشنى يولغا قويدى. كونا ھۆكۈمەت پۇلى تەڭ قىممەتتە يېڭى پۇلغا ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى. يېڭى قەغەز پۇلنىڭ رەڭگى ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى«ئاق تىنزا» دەپ ئاتاشتى. خەلق ئارىسىدا بۇ پۇل تەڭگە پۇل بىلەن تەڭ قىممەتتە خەجلەندى (بىر سەر قەغەز پۇلغا بىر سەر كۈمۈش تەڭگە تېگىشىپ بېرىلەتتى.)

## شامەنسۇرنىڭ يەكەندىن يېڭىسارغا 2- قېتىم كېلىشى

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شامەنسۇر بەش- ئالتە يۈزدەك ئەسكەر بىلەن يېڭىسارغا كەلدى. مەن شۇ چاغدا يېڭىساردا ھاكىم ئىدىم.

مەن يېڭىسارنىڭ قايىراق دېگەن يېرىگە چۈشكۈن راسلاپ شۇ يەرگە ئىستىقبالغا چىقتىم. ئۇ، شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنىكەن. لېكىن ئۆزى ئولتۇرغان

ئۆينىڭ ئالدىغا ئىننا پەتەھنا سۇرىسى يېزىلغان يېشىل بايراقنى ئېسىپ قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن بۇ نېمە قىلغانلىرى دەپ سورىسام، جانابى رەسۇلۇللاھ يېشىل بايراق ئىشلەتكەن دېدى.

شامەنسۇر بىلەن مەن بىر كېچە پاراڭلاشتىم. ئۇ، مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆز- قارشىنى سۆزلەپ بەردى. مەنمۇ شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قىلىنغان بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى سۆزلەپ بەردىم. مەسىلەن، كونا غەللە- پاراق دەپتەرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا يېڭى غەللە- پاراق دەپتىرى ۋە تالونىنى تۈزۈپ چىقتۇق. پاراق ئېلىشتىن بۇرۇن ھەر بىر يۇرتتىن ۋەكىل چاقىرىپ، پاراق ئېلىش قائىدىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتۇق. شۇنداقلا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى پاراققا ھېساب قىلىپ ئېلىپ غەللە- پاراقنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىۋەتتۇق. ئاندىن، غەللە- پاراق يىغىدىغان دوۋان بېگىنى ھەر بىر يۇرت سايلاپ چىقىشنى يولغا قويدۇق، شۇنداقلا ناھىيە بويىچە ھەربىر ساھەدىن تەركىب تاپقان 15 كىشىلىك غەللە- پاراق ئېلىشقا نازارەت قىلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلدۇق. ئۇلار ئۈچتىن بۆلۈنۈپ يېزىلارغا بېرىپ غەللە- پاراق ئېلىشقا نازارەت قىلىپ ماڭدى.

ئىككىنچى، مائارىپ- ئاقارتىش ئىشىنى يولغا قويدۇق. ناھىيە بازىرىدا بىر يېڭى مەكتەپ ئېچىپ، ئۇنىڭغا 100 دەك بالا قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى ئورناتتۇق، بۇلارنى ئاڭلاپ شامەنسۇر رازى بولغانلىقىنى بىلدۇردى. ئەتىسى شامەنسۇر قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش ئۇرۇشىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، ئالدىدا 100 دەك ئەسكەرنى ماڭدۇرغانىكەن.

ئۇلار يېڭىشەھەر ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندا قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، 300 دەك ئەسكىرىنى ئۇرۇشقا چىقىرىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ، شامەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ، يېڭىسارنىڭ سىيتلە دېگەن يېرىگە چېكىنىپ كېلىدۇ، بۇ 33- يىلى 12- ئاي ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شامەنسۇر يېڭىسارنى تاشلاپ قىزىلغا چېكىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شامەنسۇر ياپچاندىكى ئەسكەرلىرىنى چاقىرتىپ 200 دەك ئەسكىرىنى يېڭىساردا قالدۇرۇپ، ئۆزى يەكەنگە قايتىدۇ، ئارقىدىن يەكەندىن نۇرمۇھەممەت ئەمەر ساھىبنى قورالىق- قورالسىز بولۇپ 500 دەك ئەسكەر بىلەن يېڭىساردا تۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.

## خوجنىياز ھاجىمنىڭ قەشقەرگە كېلىشى

خوجنىياز ھاجىم ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئۆز قىسىملىرىنى رەتكە سالدى. بۇ جەرياندا ئۇچتۇرپان قاراقۇل ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاقسۇدىن توپلانغان 80 مىڭ قوي بەدىلىگە 1000 تال بەش ئاتار مىلتىق ئالدى. بۇ قوراللارنى قىسىملارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇ كۈنلەردە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى كۇچاردىن چىقىپ ئاقسۇغا كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن پۈتۈن قىسىملار قارا يۇلغۇنغا توپلىنىپ، بىر مەيدان جەڭ قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئاقسۇدىكى باي سىجاڭغا ئوق تەگدى. خوتەن قىسىملىرى نۇرغۇن چىقىمغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ئۇزۇن داۋام قىلالماي ھاجىم تەرەپ چېكىندى. خوجنىياز ھاجى چېكىنىپ ئۇچتۇرپانغا كېلىپ قاقشال يولى ئارقىلىق قەشقەرگە كەتتى. ساۋۇت داموللام ئاتۇشقا چىقىپ ھاجىمنى قارشى ئالدى.

خوجىنىياز هاجى 1934- يىلى 1- ئاينىڭ 12- كۈنى ئاتۇشتىن قەشقەرگە كىردى. پۈتۈن هۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە شەھەر ئاهالىسى ناغرا سۇنايلارنى چېلىپ ناهايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. چۈنكى هاجىمنىڭ نامىنى ئاڭلىغان پۈتۈن خەلق ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈشنى كۆپ ئارزۇ قىلاتتى.

خوجىنىياز هاجىمغا خوجا چوڭنىڭ قۇملۇقى دېگەن يەرگە چۈشكۈن (چاجاڭ) راسلانغان بولۇپ، شۇ يەردىن شەھەرگىچە بولغان ئارىلىقتا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا پۈتۈن شەھەر ئاهالىسى سەپ تارتىپ تۇراتتى. خوجىنىياز هاجىم باشلىق هۆكۈمەت ئەزالىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەرلەر يولدىن ئۆتكەندە ئاهالىلەر «ئامىن، ئامىن» دەپ توۋلاپ ئۇلارغا نۇسرەت تىلەشتى. خوجىنىياز هاجىم قەشقەردە ئىككى كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، ماخمۇت مۇهىتى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىشەھەرنى مۇهاسىرە قىلىش ئۇرۇشىغا چىقىپ كەتتى. خوجىنىياز هاجىم ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن 1300 ئەسكەردىن 300 نى ئۆزىنىڭ مۇهاپىزىتىگە قالدۇرۇپ 1000 ئەسكەرنى يېڭىشەھەرنى مۇهاسىرە قىلىشقا چىقاردى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى پىلىموت- مىلتىقلار يېڭى بولۇپ هەممىسى سوۋېت قوراللىرى ئىدى. ماخمۇت مۇهىتى يېڭىشەھەرگە چىقىپ مۇهاسىرە ئۇرۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ باردى. سېپىلغا خېلى يېقىنلا قالغانىكەن، مېنى ساۋۇت داموللام قوي، قەنت- گېزەك قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن ماخمۇت مۇهىتىدىن هال سوراپ كىرىشكە چىقاردى. چىقسام ماخمۇت مۇهىتى ئۆزىنىڭ چېدىرىدا ئىكەن. بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇرۇش ئەهۋالىنى تونۇشتۇردى هەم ساۋۇت داموللامغا رەهمەت ئېيتتى.

روزا ھېيت كۈنى ماخمۇت سىجاڭ باشلىق لۈيجاڭلار قەشقەر شەھىرىگە روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ قايتىشقا چاقىرىلدى. نامازدىن كېيىن، ساۋۇت داموللام ئامىمغا نۇتۇق سۆزلەپ پۈتۈن خەلقنى يېڭىشەھەر ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە چاقىردى. خەلق ئارقا- ئارقىدىن ئامىن، دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ، داموللامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

## شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىن سوۋېت

## ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بارغانلىقى

1934- يىلى 1- ئاينىڭ ئاياغلىرى ئىدى. شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىر ھەيئەت تەشكىللەپ ئۇلارنى تاشكەنتكە ئەۋەتتى. ھەيئەت باشلىقى مۇسۇل ھاجىم (ماخمۇت سىجاڭنىڭ ئاكىسى) مۇئاۋىنى ئەمەت پاختا، ئەزالىرى قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر بىر ساھەدىن ئۈچ كىشى (ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) قاتارلىق بەش كىشى ئىدى. بۇ ھەيئەتنىڭ مەقستى:

(1) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش؛

(2) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋېلىش؛

(3) سودا توختىمى ئىمزالاش.

سوۋېت ھۆكۈمىتىگە يېزىلغان خەتكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەزلۇم مىللەتلەرنى ئىنقىلابىغا خالىسانە ياردەم بېرىمىز دېگەن ئىبارىلىرى

كىرگۈزۈلگەن ئىدى ھەم بۇ ھەقتە خوتەنگە مالىيە نازىرى ئېلى ھاجىم، كۇچارلىق سادىق ھاجىم (خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېيىن ئاتىسى) ئەۋەتىلىپ مەتىمىن ھەزرەتلەر خەۋەردار قىلىندى ھەم قورال سېتىۋېلىشقا 500 سەر ئالتۇن بېرىش تەلەپ قىلىندى (بۇنىڭغا 300 سەر ئالتۇن بېرىپتۇ).

## ما فۇيۈەنگە قارشى ئەسكەر چىقىرىش ۋە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى ۋە شەھەردىكى قىرغىنچىلىق

خوجىنىياز ھاجىم قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ما فۇيۈەن قىسمىلىرىنىڭ ئاقسۇدا بىر مەزگىل تەييارلىق قىلىپ قەشقەرگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر كەلدى. قەشقەر تەرەپ كىچىك ئاخۇن تۈەنجاڭنىڭ قولىدىكى ئابدۇرېشىت ليەنجاڭنى ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرىنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشىغا ئەۋەتتى. ئابدۇرېشىت ليەنجاڭ مارالبېشى تۇمشۇقىغا بېرىپلا ما فۇيۈەنگە تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى يېڭىساردا تۇرۇۋاتقان ئىمىر ساھىبنى 300 ئەسكەر بىلەن مارالبېشىغا ئەۋەتتى. ئۇلار مارالبېشىغا بېرىپ ما فۇيۈەن قىسمىلىرى بىلەن بىر مەيدان قاتتىق جەڭ قىلدى. نەتىجىدە تەڭ كېلەلمەي تۇڭگان مازار، ئۆدەكلىك ئارقىلىق چېكىنىپ پەيزىۋاتقا كەلدى. ئىمىر ساھىب- نۇرمۇھەممەتنىڭ نۇرغۇن ئادىمى ئۇرۇشتا ئۆلدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە خوجىنىياز ھاجى ئەمىر ساھىب نۇرمۇھەممەتكە ئۆزى ياردەم بېرىدىغان بولۇپ يولغا چىقتى (بۇ چاغدا ئىمىر ساھىب پەيزىۋاتتا بىر مەيدان ئۇرۇش قىلىپ، ۋاقتىدا ياردەم كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يېڭىسارغا كەتكەنىدى). خوجىنىياز ھاجىم ئۆز

يېنىدىكى 300 چە ئەسكەرنى ئېلىپ، «بۇ لومودىلارنىڭ ئەدىبىنى ئۆزۈم بەرمىسەم بولمايدۇ» دەپ چوكانىيارغا كەلدى. بۇ 1934- يىلى 2- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. خوجىنىياز ھاجىم شەھەردىن چىقىپ يېڭىئۆستەڭ بىلەن ئاقتاشقا يەتكەندە 100 ئادىمىنى ئۆز يېنىدا قالدۇرۇپ قالغان، 200 ئەسكەرنى چوكانىيارغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار چوكانىيارغا بېرىپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا بۆكتۈرمە بولۇپ چوڭ يول بىلەن كەلگەن ما فۇيۈەن قىسىملىرىغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ، لېكىن ما فۇيۈەن قىسىملىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولغاچقا ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈكنى ئالىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى چېكىنىدۇ. ما فۇيۈەن قىسىملىرى چوڭ يول بىلەن ماڭغانچە ئۇدۇل يېڭىشەھەرگە كېرىپ ما جەنساڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلىدۇ، خوجىنىياز ھاجى چېكىنگەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېڭىئۆستەڭگە كەلگەندە يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىنى بوشىتىش توغرىسىدا ماھمۇت سىجاڭغا خەت ئەۋەتىدۇ. ھەمدە ساۋۇت داموللام باشلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى يار باغقا چاقىرىپ: «ما فۇيۈەن قىسىملىرىنى ئۇرۇش قىلىپ يەڭگىلى بولمىدى. شۇڭا مۇھاسىرىنى بوشىتىپ شەھەر سىرتىدا ئەسكەرلەرنى قايتا تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن چەتنەپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىڭلار. ئۇنداق قىلمىغاندا شەھەردە ئادەم كۆپ، قىرغىنچىلىق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ساۋۇت داموللام ھۆكۈمەت ئورگىنىنى يېڭىسارغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ھەممىنىڭ ئالدىدا ماھمۇت سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېڭىسارغا كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خوجىنىياز ھاجى يولغا چىقىدۇ، ئوراز بېك ئەسكەرلىرى بىلەن سەمەن مۇچتا، زەيدىن كارۋان، كىچىك ئاخۇنلار دۆلەت باغ قۇرغان تەرەپتە، يۈسۈپجان قۇربېشى 300 ئەسكەر بىلەن

توققۇزاقتا تۇرىدىغان بولىدۇ. ئىشلار مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن هۆكۈمەت ئەزالىرى يېڭىسارغا بارساق خوجنىياز هاجىم بىلەن مامۇت سىجاڭلار پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېڭىساردا توختىماي يەكەنگە كېتىپتۇ. يېڭىساردا پەقەتلا ئىمىر ساھىب 200 دەك ئەسكەر بىلەن قالغان ئىكەن.

## خوجنىياز هاجىم ئەركەشتامغا بارغۇچە بولغان ۋەقەلەر

خوجنىياز هاجىم ئەركەشتامغا كېتىۋېتىپ ئاتۇشقا يېتىپ بارغاندا، قەشقەر كونىشەھەردىكى ما فۇيۈەننىڭ ئەسكەرلىرى كەينىدىن قوغلايدۇ. ئۇ كاتتايلاقنىڭ باچاڭ دېگەن يېرىدە ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ- دە، ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ. خوجنىياز هاجىم چېكىنىپ باچاڭ بىلەن ئاغۇنىڭ ئۆستىگە چىقىپ، ئۇ يەردىن بوغۇز بىلەن كۆكتام دېگەن يەرگە بارغاندا، ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرى يەنە يېتىشىۋېلىپ، تەڭگە تار تېغىدا ئۇرۇشىدۇ. بۇ چاغدا، خوجنىياز هاجى تاغنىڭ ئۆستىگە چىقىۋېلىپ، شىراقلىق مىلتىق بىلەن ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرىنى بىر- بىرلەپ دومىلىتىپ، ئاخىرى ئۇلارنى چېكىندۈرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، خوجنىياز هاجىم تېرەك، قىزىلبوي، ئۇلۇغچات ئارقىلىق سىمخانىغا يېتىپ بارىدۇ. ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ ساۋۇت داموللام ۋە هۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، بالا- چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭ- تالاڭ قىلىۋاتقاندا، قەشقەر كونىشەھەردىن ئۇلارنى چاقىرغىلى ئادەم كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرى ناھايىتى تېز قايتىدۇ.

# شەھەردىكى قىرغىنچىلىق

قەشقەر كونىشەھەردىكى ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى خوجنىياز ھاجىنى قوغلاپ ئاتۇشقا كەتكەندىن كېيىن، ئوپال، تاشمىلىقتىكى يۈسۈپجان قۇربېشى قەشقەر كونىشەھەردە ئازغىنە ئادەم قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، 300 ئەسكەر بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ما فۇيۈەن ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ ئارىلىقتا يۈسۈپجان قەشقەر شەھرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ چاغدا قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ (مازىخۇي) بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، 1000 دەك ئەسكەر ئەۋەتىپ ما فۇيۈەن قىسىملىرىغا ياردەملىشىپ يۈسۈپجان بىلەن ئۇرۇشىدۇ. شەھەردە قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئاتۇشقا كەتكەن ما فۇيۈەننىڭ 300 دەك ئەسكىرىمۇ قايتىپ كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. يۈسۈپجانلارغا باشقا تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەم بولمىغانلىقتىن شەھەرنى تاشلاپ چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە قەشقەر شەھرى پۈتۈنلەي ما جەنساڭ بىلەن ما فۇيۈەننىڭ قولىغا قالىدۇ. شەھەردە قىرغىنچىلىق بولىدۇ. بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

34- يىل 2- ئاينىڭ 6- كۈنى ما فۇيۈەن قىسىملىرى ئۆزىچىلا ئەسكەر تارتىپ ئاتۇشقا ماڭىدۇ. كونىشەھەردە ئازغىنە ئەسكەر قالغانىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يۈسۈپجان قۇر بېشىنىڭ قوچقارباي دېگەن ئادىمى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ 100 دەك ئادىمى بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭغا بىرمۇنچە خەلق ئامىن دەپ مەدەت بېرىشتى. ما فۇيۈەن بەشكېرەم ئېغىزىدىكى ئۆزۈن سايغا يەتكەندە، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر چاپارمەن كېلىپ شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئۇ

دەرھال شەھەرگە قايتىدۇ. شەھەر ئىچىدە قوچقار باي باشچىلىقىدىكى پىدائىيلار شەھەر ئىچىدىكى ما فۇيۈەننىڭ بىرىگادا شتابىنى ئىشغال قىلىپ دوتەي يامۇلغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا ما فۇيۈەن باستۇرۇپ كېلىدۇ. يېڭىشەھەردىكى چولاق زىخۇيىمۇ مىڭدەك ئادەم ئەۋەتىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوچقارباي باشچىلىقىدىكى پىدائىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ شەھەرنى قايتا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇچۇق ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ قىرغىن (چاپ- چاپ) قىلىدۇ. بۇ ئۈچ كۈنلۈك قىرغىندا 4000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## ئەركەشتامدىكى سۆھبەت

مەن ساۋۇت داموللىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 3- ئاينىڭ 28- كۈنى ئىككى ئەسكەر بىلەن سىمخانىغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ساۋۇت داموللامنىڭ يازغان خېتىنى ۋە ئاغزاكى سۆزىنى ئەگەر (سۆھبەتتە قورال ھەل بولۇپ قالسا، ئالتۇن دېسە ئالتۇن، باشقا قانداق نەرسە دېسە شۇنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىمىز دېگەن سۆزىنى) يەتكۈزدۈم، ئۇ خەتنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. يۈسۈپجاننىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، قىرغىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقىغا ئېچىندى.

مەن بارغىچە خوجىنىياز ھاجىم ئەركەشتام سۆھبىتىنى تېخى ئۆتكۈزەلمىگەنىكەن. ئەۋەتىلگەن خەتكە ئۇ تەرەپتىن تېخى جاۋاب كەلمىگەنىكەن. شۇڭا مەن بېرىپ ئەتىسى (3- ئاينىڭ 29- كۈنى) مېنى خەت بىلەن ئەركەشتامغا ئەۋەتتى. مەن ئەركەشتامدىكى سوۋېت قاراۋۇللۇق ئورنىغا بېرىپ، ناچالنىك بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى

ئېيتتۇىدىم، تېلېفوندا سوراپ، مېنى ناچالنىكنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ قويدى، مەن ناچالنىككە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ خېتىنى بەردىم. ئۇنى بىر قىرغىز كىشى تەرجىمە قىلىپ بەردى، ناچالنىك تاشكەنتتىن سوراپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە شۇ ھامان تېلېفوندا سۆزلىشىپ، ماڭا مۇنداق دېدى:«ھازىر سىلەرگە قوراڭ سېتىپ بېرەلمەيمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەزگىل كۈتتۈپ تۇرۇڭلار، خوجىنىياز ھاجىمغا ئۇرۇمچى تەرەپتىن ياردەمگە ئادەم كېلىدۇ، شۇلارنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ قەشقەردىن تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىڭلار يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ، قالغان گەپنى شۇلاردىن ئاڭلاڭلار...»

مەن بۇ جاۋابنى ئېلىپ، ئەركەشتامدىن سىمخانىغا قايتتىم.

3- ئاينىڭ 31- كۈنى تاشكەنتكە كەتكەن مۇسۇل ھاجى، ئەمەت پاختا باشچىلىقىدىكى بەش كىشلىك ۋەكىللەر قايتىپ كېلىپ، سىمخانىغا چۈشتى. ئۇلارنى خوجىنىياز ھاجىم بار ئۆيگە چۈشۈرۈپ مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتى، سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق بولغان:«خوجىنىياز ھاجىم، ساۋۇت داموللام باشچىلىقىدىكى شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئېلىپ ئاقسۇغا قايتسۇن، بىزنىڭ ياردىمىمىز شۇ يەردىن بولىدۇ. ئاندىن بىز جىمىسساردا بەرگەن ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلالايمىز.

## ئەركەشتامدىن قايتىش

تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىمىز ھەم خوجىنىياز ھاجى بىرلىكتە 1934- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى سىمخانىدىن قايتتۇق. بىز ئوپالغا كەلگەن چېغىمىزدا، يۈسۈپجان قۇربېشى 3- ئاينىڭ 27- كۈنى ما

جەنساڭنىڭ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئەمىر نۇرمۇھەممەتنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي، دەرۋازىنى تاقاپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانلىقىنى، شۇ ئارىلىقتا ماھمۇت سىجاڭ بىلەن شامەنسۇر يېڭىسارغا كېلىپ، ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىنى قورشىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقاندا، شامەنسۇرغا ئوق تەگكەنلىكىنى، خوتەن ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن توختاپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ، ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى، ساۋۇت داموللامنىڭ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، كېچىلەپ ئوپالدىن يېڭىسارغا يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ساۋۇت داموللام ئوپالغا ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. بىزمۇ ئوپالدا توختىماي، يېڭىسارغا كەلسەك ئۇرۇش بۈلۈۋېتىپتۇ. خوجىنىياز ھاجى كېلىپلا ماھمۇت سىجاڭ بىلەن بىر سائەتتەك سۆزلەشكەندىن كېيىن (نېمە توغرىلىق سۆزلەشتى، ئۇنى بىلمىدۇق) شۇ كۈنى يەنى 4- ئاينىڭ 7- كۈنى يەنە يەكەنگە يۈرۈپ كەتتۇق. ماھمۇت سىجاڭمۇ يېڭىسار سېپىل ئىچىدىكى ئەمىر نۇرمۇھەممەتنى 500 ئەسكەر بىلەن قامالدا قالدۇرۇپ يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

بىز شۇ كۈنى يېڭىساردىن چىقىپ قىزىلدا قونۇپ، 8- ئاپرېل كۈنى كۆك راۋاتقا يېتىپ كەلدۇق.

## خوجىنىياز ھاجىمنىڭ يەكەنگە كېلىشى، شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئەزالىرىنىڭ نەزەربەند قىلىنىشى

بىز ئەركەشتامدىن ئوپال، يېڭىسارلارنى بېسىپ، كۆك راۋاتقا كەلگەندە، خوتەن- مەمتىمىن ھەزرەتتىن ئالتۇن ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئېلى ھاجى، كۇچارلىق سادىق ھاجىلار شۇ يەردە ئىكەن. ئۇلار مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ 300 سەر ئالتۇن بەرگەنلىكىنى، يەنە تەييارلاپ

بېرىمەن دېگەنلىكىنى، بۇ ئالتۇنلارنى ساۋۇت دامولللامنىڭ خوجىنىياز ھاجىمغا ئۆزۈم بېرىمەن دەپ، ئېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ خوجىنىياز ھاجىم خاپا بولدى ھەم ساۋۇت دامولللىنىڭ غەرىزى باشقا دەپ قاتتىق چېچىلىشقا باشلىدى. ۋەكىللەر:«دامولللامنىڭ غەرىزى باشقا ئەمەس، مەتىمىن ھەزرەت ئالتۇننى بىزنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئارقىسىدىنلا ساۋۇت دامولللىغا ھاجىم سوۋېتتىن قورالنى ئالالماپتۇ، شۇڭا ئالتۇننى ئېلىپ قويسىلا دەپ تاپىلاپتۇ، بەلكىم دامولللام شۇ خەتكە ئاساسەن ئېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ چۈشەندۈرسىمۇ، ھاجىم ئۇنىمىدى. مەن ئارىلىقتا گەپ قىستۇرۇپ:«دامولللىنىڭ سىلىگە ئىخلاسى چوڭ، ھەرگىز سىلىدىن بىسوراق ئىش قىلمايدۇ، بەدنىيەت ئادەم ئەمەس» دېۋىدىم، سەنلەر (ئېلى ھاجىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەممىڭ بىر ئاتۇشلۇق، گېپىڭ بىر دەپ سۆزۈمنى كېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز شۈك بولۇپ قالدۇق.

ئەتىسى ھەممىمىز سائەت توققۇزلاردا كۆك راۋاتتىن يەكەنگە يۈرۈپ كەتتۇق.

خوجىنىياز ھاجىم يەكەنگە بارغان كۈنىلا ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە: «خوتەنلىك لومودىلار ھەممىڭ يېڭىسارغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىسەن» دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇ چاغدا يەكەندە قوراللىق- قورالسىز بولۇپ، 500 دەك ئەسكەر بار ئىكەن. بىرسى قالماي، ئاتلىق، پىيادە يۈرۈپ كەتتى (ئۇلار ئەمەلىيەتتە يېڭىسارغا بارماي قاغىلىققا چىقىپ كەتتىكەن.) ۋەكىللەر باشقا يەرگە ئورۇنلاشتى. مەن، خوجىنىياز ھاجىم ۋە نازىرلار بار ھەربىي ئورۇنغا كىرىشىمگە، بىرسى ھاجى ئەپەندىم! دەپ مېنى چاقىردى. قارىسام، زىرىپ قارى ھاجى ئىكەن، بېرىپ كۆرۈشتۈم، ئۇنى ھويلىدىكى بىر ئورۇندۇققا

ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. يېنىدا ئىككى ئەسكەر ئۆرە تۇرۇپتۇ. نېمە بولدى دەپ سورىسام، ئۇ:«خوجىنىياز ھاجىم بىزنى ھازىرلا (زىرىپ قارى ھاجى، شەمشىدىن داموللا، ئابلاخان، سۇلتان بەگ) نەزەربەند قىلىپ قويدى دېدى.

ئۇ يەردىن ئىچكىرىكى قورۇغا- خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ:«ساۋۇت داموللام ھازىر مەن بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىپ كەتتى. مىجەزى يوق ئىكەن، شۇڭا چىقىپ دەپ قويۇڭ، ئۆزىگە راسلانغان باغدا دەم ئالسۇن» دېدى ۋە ئېلى ھاجىمنىڭ قەيەردە قالغانلىقىنى سورىدى. مەن بار يېرىنى دەپ بەردىم. ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ (ساۋۇت داموللامنىڭ ئىشخانىسى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇدۇلمۇ- ئۇدۇل ئىكەن) داموللىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەتكۈزدۈم.

ساۋۇت داموللام ئەركەشتامدا بولغان سۆھبەتنى سورىدى. مەن ئەركەشتامدا ناچالنىك بىلەن بولغان سۆھبەتنى، تاشكەنتتىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن سۆزىنى (يۇقىرىدا ئېيتقانلارنى) قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن: زىرىپ قارى ھاجى باشلىق تۆت نەپەر ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ نەزەر بەند قىلىنغانلىقىدىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ، خەۋىرىم بار دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇت داموللام مەيگە ئولتۇرۇپ، مىلەتخىزىسىنى ياپتۇرۇپ (ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ)، ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئۆزىگە راسلانغان باغقا چىقىپ كەتتى (20 دەك مۇھاپىزەتچى بار ئىدى).

ئەتىسى خوجىنىياز ھاجىم مېنى چاقىرتىپ:«سىز ساۋۇت داموللىغا ئېيتىڭ، بۈگۈن قاغىلىقتا چىقىپ كەتسۇن، ئەتە مەن چىقىمەن» دېدى.

## مامۇت سىجاڭنىڭ باش ۋەكىل (باش مىنىستىر) ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىپ، شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇشى

مامۇت سىجاڭ يېڭىساردا ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشماي، ئەمىر نۇرمۇھەممەتنى سېپىلنىڭ ئىچىدە قورشاۋدا قالدۇرۇپ، يەكەنگە بېرىپ، 4- ئاينىڭ 13- كۈنى 200 دەك ئەسكەرنى ساۋۇت داموللامنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بېرىپ، باغنى قورشىۋالىدۇ. بۇ چاغدا، ساۋۇت داموللىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۆگزىگە چىقىپ ئۇرۇشۇشقا تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان داموللا مۇھاپىزەتچىلەرنى ئۇرۇشماسلىققا، قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆندۈرۈپ، ئۆزى كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ، تۇتقىلى كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مامۇت سىجاڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر داموللامنى تۇتۇپ مامۇت سىجاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. مامۇت سىجاڭ ساۋۇت داموللام، زىرىپ قارى ھاجى ۋە سۇلتان بەگلەرنىڭ پۇتىغا كىشەن سالدۇرۇپ، ئۈچ مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ 10 ئەسكەر بىلەن قاغىلىقتا يولغا سالىدۇ.

شۇ كۈنى مامۇت سىجاڭ خوتەنلىك مەمتىمىن ھەزرەتنىمۇ تۇتۇپ كېلىشكە 100ئەسكەر ئەۋەتكەن، لېكىن ئۇ بۇنى تۇيۇپ قالغانلىقتىن، خوتەنگە قېچىپ كېتىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ 1934- يىلى 4- ئاينىڭ 13- كۈنى ئىدى. شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 1933- يىل 11- ئاينىڭ 10- كۈنى

قۇرۇلۇپ، 1934- يىل 4- ئاينىڭ 13- كۈنى ئاخىرلاشتى. ئۇ، پەقەت ئالتە ئايلا ئۆمۈر كۆردى.

مەن شۇ چاغدا پوسكامنىڭ ئىككىسۇ دېگەن يېرىدە ئىدىم. ساۋۇت داموللامنى مەپىلىك ئىككىسۇ بازىرىغا ئېلىپ كەلگەنلىكنى ئاڭلاپ بازارغا كۆرۈشكىلى كىرسەم، قاغىلىققا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار قاغىلىققا بېرىپ ئىككى كۈن بولمايلا، مامۇت سىجاڭ خوجىنىياز ھاجىمغا خەت يېزىپ، مەھبۇسلارنى مەكىتكە يۆتكەشنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئۆزىنىڭ 200 دەك مۇھاپىزەتچى ئەسكىرىنى ئېلىپ، مەكىت ئارقىلىق ئاقسۇغا يولغا چىقىدۇ. ساۋۇت داموللام باشلىق مەھبۇسلارنى ئون ئەسكەر يالاپ ماڭىدۇ، خوجىنىياز ھاجىم مامۇت سىجاڭ بىلەن مەكىتتە ئۇچرىشىدۇ. يېڭىساردىكى ئەمىر نۇرمۇھەممەت بىلەن ما جەنساڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. ما جەنساڭ يېڭىسار سېپىلىنى پارتلىتىپ، ئەمىر نۇرمۇھەممەتنىڭ تىز پۈكمىگەن قورالىق- قورالسىز بولۇپ بەش- ئالتە يۈزدەك ئەسكىرىنى قىرىپ تاشلاپ، سىرتتا قېلىپ قالغان بىرقانچە يۈز خوتەنلىك قورالسىز ئەسكەرنى ئۆزىنىڭ ئەسكىرىگە قوشۇپ، 1500 چە ئەسكەر بىلەن مامۇت سىجاڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىمنى قوغلاپ يەكەنگە بارىدۇ. شۇ چاغدا باي ئاخۇن يەكەندە ھاكىم ئىدى. ئۇ، ما جەنساڭنىڭ مامۇت سىجاڭنى قوغلاپ يەكەنگە كەلگەنلىكنى ئاڭلاپ، مىشا دېگەن يەرگە چۈشكۈن راسلاپ، شەھەرنىڭ باي- مولللىرىدىن بولۇپ بىر قانچە يۈز كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، باي ئاخۇن بىلەن ما جەنساڭنىڭ تونۇشلۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەگمىگەن.) ما جەنساڭ مامۇت سىجاڭ، خوجىنىياز ھاجىملارنىڭ يەكەندىن كەينىگە يېنىپ، مەكىتكە كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ

ئارقىسىدىن قوغلاپ مەكتىكە بارىدۇ. بۇ يەردە ما جەنساڭ بىلەن خوجنىياز هاجىم ئوتتۇرىسىدا خېلى قاتتىق جەڭ بولىدۇ. ئاخىرى خوجنىياز هاجىم ما جەنساڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي، يەكەن دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ ئاقسۇغا قاراپ يول ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى قوغلاشنى توختىتىپ، ئارقىسىغا قايتىدۇ.

شۇ نۆۋەتتە خوجنىياز هاجىم ئاقسۇغا ساۋۇت داموللام، زىرىپ قارى هاجىلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىدۇ.

## يەكەندىن ئاقسۇغا كەلگۈچە بولغان ۋەقەلەر

ساۋۇت داموللام، زىرىپ قارى هاجى، سۇلتان بېكلەر مەپىلىك مەكتىكە ئېلىپ كېلىنىۋاتقاندا، ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى خوجنىياز هاجىمنى قوغلاپ يىتىپ ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ. بۇ چاغدا، ساۋۇت دامولىنى ئېلىپ ماڭغان ئەسكەرلەر مەپىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ. شۇ يەردىكى دېھقانلار ساۋۇت دامولىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى مەپىدىن چۈشۈرۈپ، پۇتىدىكى كىشەننى چېقىپ تاشلاپ، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ باقىدۇ. شۇ ئارىلىقتا سۇلتان بېك قېچىپ كېتىدۇ. پەقەت ساۋۇت دامولا بىلەن زىرىپ قارى هاجى قېپقالىدۇ.

خوجنىياز هاجىم شۇ ماڭغانچە مارالبېشىنىڭ شاقۇ دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئاندىن كۆڭلى تىنىدۇ ۋە ساۋۇت دامولىنى يادىغا ئالىدۇ. سۈرۈشتۈرسە ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئۇ قاتتىق چېچىلىپ ھەر تەرەپكە ئادەم چاپتۇرىدۇ. ئىزدىگۈچىلەر سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى مەكتىنىڭ ئېغىز دېگەن يېرىدىن تاپىدۇ.

مەن (قادىر ھاجى) ئىككىسۇدىن قاغىلىققا بارسام، خوجىنىياز ھاجىملار، مەكتىكە كېتىپ قالغان ئىكەن. مەن ئىلگىرىكى نىشان بويىچە قاغىلىقتىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتىم. قاغىلىقتىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان گۇما، قاراقاش، زاۋا قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىگە مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ قوراللىق- قورالسىز ئەسكەرلىرى توشۇپ كېتىپتۇ. (ئۇلار ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى تويلانغانىكەن) ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن سارايلارمۇ توشۇپ كېتىپتۇ. ئىلاجى بولماي، قۇربان ھاجى دېگەن بىر كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خوتەننىڭ بىر يېزىسىغا بېرىپ ئورۇنلاشتىم. بىز ئىككى ئەسكەر قوشۇلۇپ ئوندەك ئادەم ئىدۇق. ئەتىسى قۇربان ھاجى خوتەننىڭ ۋالىيسى مەھەممەتنىياز ئەلەمنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى. ۋالىي مەندىن قەشقەر، يېڭىسار، يەكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، مەن قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كىشى ساۋۇت داموللام ھەققىدە خوجىنىياز ھاجىمدىن رەنجىدى. 3- كۈنى مېنى مەمتىمىن ھەزرەت قوبۇل قىلدى. ئۇ ئادەمنىڭ ھەممە ئىشلاردىن خەۋىرى بار ئىكەن. مەندىن بەزى نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:«ساۋۇت داموللام خوجا نىياز ھاجىمغا قارشىلىق بىلدۈرۈشى ياكى خوتەنگە كېلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر خوجىنىياز ھاجىم، مامۇت سىجاڭ، ساۋۇت داموللىلار بىرلىكتە خوتەنگە كەلگەن بولسا، بىز ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالايتتۇق».

## ما خۇسەننىڭ خوتەنگە بېسىپ كېلىشى

خوجىنىياز ھاجىم بىلەن مامۇت سىجاڭ يەكەندىن چېكىنىپ مەكىت ئارقىلىق ئاقسۇغا كەتكەندىن كېيىن ما خۇسەن ما جۇڭيىڭنىڭ ھەممە قوشۇنلىرىغا سىجاڭ بولۇپ خوتەنگە قاراپ ماڭدۇ. يەكەن، پوسكام،

قاغىلىقلارنى ئېلىپ گۇمىغا كەلگەندە مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىر كۈندەك قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. خوتەن قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا قورال بولمىغانلىقى، قورال بولسىمۇ ناچار قورال بولغانلىقى ئۈچۈن، چېكىنىپ زاۋىغا قايتىدۇ. بۇ 1934- يىلى 5- ئاينىڭ ئاياغلىرى ئىدى. ئۇلار زاۋىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئىككى كېچە- كۈندۈز قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. ئاخىرى بولالماي خوتەنگە چېكىنىدۇ. ما خۇسەن خوتەن ئەتراپىغا بېسىپ كېلىدۇ.

بۇ چاغدا مەمتىمىن ھەزرەت ئۆز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قېچىپ كېتىش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتەن مۇداپىئەسىز قالغان ئىدى. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى خوتەن شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا، خوتەن ۋالىيسى مەھەممەتنىياز ئەلەم شەھەرنىڭ موللا، يۇرت كاتتىلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ما خۇسەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتىدۇ.

مەن (قادىر ھاجى) مەمتىمىن ھەزرەتتىن كېيىن يۇرۇڭقاش ئاڭگىتلىق دېگەن يۇرت بىلەن يۇرۇپ ئىسلام ئاۋاتقا بېرىپ، ئۇ يەردىن خوتەن دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئون كۈن بولغاندا، ئاقسۇ ئاۋاتنىڭ غووچۆل دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدىم. شۇ چاغدا ئاقسۇ ئاۋاتتا 6- شى (شېڭ شىسەي ماموت سىجاڭنىڭ شىسىنى 6- شى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ماموت مۇھىتنى سىجاڭلىققا تەيىنلىگەنىكەن) 1- تۇەننىڭ تۇەنجاڭى سەمەت ھاجى بار ئىكەن. ماموت سىجاڭنىڭ يېڭىدىن بەلگىلەنگەن خىزمەت ئورنى قەشقەردە بولغانلىقتىن، قەشقەرگە كېتىپ قاپتۇ. مەن غور چۆلدە ئىككى كۈن

تۇرۇپ، ئاقسۇ ئاسۇققا باردىم، 3- كۈنى خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشتۈم. خوجىنىياز ھاجى ماڭا مىنى شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە بەلگىلەپ ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپتۇ دەپ سۆزلەپ بەردى.

## ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېتقا كېتىشى

1934- يىلى ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، بىر تەرەپتىن، شېڭ شىسەي بىلەن يەنە بىر تەرەپتىن، خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇرۇشۇپ، 5- ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ پەقەت چىقىش يولى تاپالماي، (ئۇ ئەسكەرلىرى بىلەن يا ئارقىغا قايتالماي، ياكى باشقا ياققا چىقىپ كېتەلمەي) ما دوتەي ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاشنى مارالبېشىدا توختاتتى. شۇنداق قىلىپ 1934- يىلى 7- ئاينىڭ باشلىرىدا ما جۇڭيىڭ 200 چە ئەسكىرى بىلەن قەشقەردىن ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ما خۇسەن باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ خوتەندە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى.

## مامۇت سىجاڭنىڭ 2- قېتىم قەشقەرگە كېلىشى

خوجىنىياز ھاجى بىلەن مامۇت سىجاڭلار يەكەندىن تارىم ياقلاپ مېڭىپ ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىنى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مامۇت سىجاڭنى جەنۇبى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭى، قوشۇمچە 6- شىنىڭ سىجاڭلىقىغا بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئۇرۇمچىگە قاراپ ماڭىدۇ. مامۇت سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ 1934- يىلى 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە كېلىپ ئەسلى ئورنى يۇملاق شەھەر كۆلبېشىغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ماخۇسەن باشچىلىقىدا خوتەنگە كېتىدۇ. پوسكام ناھىيىسى ئوتتۇرىدىكى چېگرا بولۇپ بېكىتىلىدۇ. ما شاۋۇ قەشقەرگە قايتىدىن ۋالىي بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

## مامۇت سىجاڭنىڭ چەتئەلگە قېچىشى

مامۇت سىجاڭ شىسى (دېۋىزىيە) 1934- يىلى 7- ئايلاردا شېڭ شىسەينىڭ 6- شىسىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن رىبالكىن دېگەن بىر ساقاللىق رۇس مەسلىھەتچى تەرىقىسىدە قويۇلدى. رىبالكىن دېگەن ئادەم نامدا مەسلىھەتچى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 6- شىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتقاندىن تاشقىرى، قەشقەر گۇڭئەنجۇنىڭ ئىشىنىمۇ ئۆز قولىدا تۇتاتتى. شۇڭلاشقا، مامۇت سىجاڭنىڭ سىرتتا كىملەر بىلەن باردى- كەلدىسى بار؟ ئۇنىڭ يېنىغا كىملەر كېرىپ- چىقىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى رازۋېدكا قىلىپ تۇراتتى. قەشقەر گۇڭئەنجۇنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى، گۇڭئەنجۇ ساقچى ئەترەت باشلىقى ئىسھاق بەگلەرمۇ رىبالكىننىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلاتتى.

1934- يىلى 11- ئايلاردا مامۇت سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى يېقىن كىشىلەر ۋە تۇغقانلاردىن قۇربان سەئىدى، قۇربانىياز، ئابلا ئەپەندى دېگەنلەرنى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بىر يىل ئوقۇپ 1935-

يىلى 10- ئايدا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇربان سەئىدى 6- شىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا، قۇربانىنىياز 2- تۆەنىنىڭ تۆەنجاڭلىقىغا، ئابلا ئەپەندى 4- تۆەنىنىڭ تۆەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. قۇربان سەئىدى قىسقا كۇرس ئېچىپ لېەندىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەشكە باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەي سەمەت ھاجى، غۇپۇر تۆەنجاڭ قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ بىر مەزگىل شېڭ دۇبەن نامىدىكى كۇرستا ئوقۇتۇپ ھەربىي، سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلىدى، نەتىجىدە تاشكەنت ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەنلەردە ئىدىيە جەھەتتە مەلۇم ئۆزگىرىش بولدى. 6- شىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ھوقۇقى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، مامۇت سىجاڭ ئىلگىرىكىدەك ئەركىن بولالمىدى. شېڭ شىسەيمۇ ئۇنى كۆپ قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلدى. يۇقىرىقى بىر قاتار ئىشلار مامۇت سىجاڭنىڭ چەتكە قېچىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن مامۇت سىجاڭ چەتكە قېقىشتىن بىر- ئىككى ئاي ئىلگىرى ئوۋغا چىقىشنى باھانە قىلىپ، قېچىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەر كاتتىلىرىنى، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە بارماسلىق ئۈستىدە نامايىش قىلدۇرۇپ، ئابدۇغۇپۇر ھاجى شاپتۇل سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى (ئابدۇغۇپۇر ھاجى شاپتۇل شېڭ شىسەينىڭ يېنىغا ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن بىر يىغىندا:«بۇندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. ئەگەر كېلىدىغان بولسا، شېڭ دۇبەن جانابلىرى كەلگەن بولاتتى» دەپ سۆزلىگەن) ئۇنىڭ قاتىلى تېپىلمىدى، بۇنىڭدىن شېڭ شىسەي قاتتىق گۇمانلىنىپ، مامۇت سىجاڭغا بىۋاستە چېقىلالماي، ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ئابدۇراخمان ھاجى، ئەمەت قۇل ھاجىلارنى گۇڭئەنجۇ ئارقىلىق قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى. بۇ بىر قاتار

ئىشلار مامۇت سىجاڭنىڭ قېچىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، مامۇت سىجاڭ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى سەمەت ھاجى تۇەنجاڭغا:«ھازىر شېڭ دۇبەن بىزنىڭ دېۋىزىيىنى (ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى) ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە قارشى ھەركەتلەنسەك قانداق؟» دەپ مەسلىھەت سالىدۇ. سەمەت ھاجى«ئويلىنىپ باقاي» دەيدۇ. سەمەت ھاجى مامۇت سىجاڭنىڭ يېنىدىن چىقىپ، بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ يېقىن بىر لىيەنجاڭغا ئېيتىدۇ ھەمدە «بىز نۇرغۇن ئىنقىلاب قىلىپ جاپا چەكتۇق، ئەمدى سىم كارىۋاتتا ئىگە بولۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەرمىزمىكىن دېسەك، سىجاڭ يەنە ئىنقىلاب قىلىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىجاڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ گەپنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سەمەت ھاجىنى قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا باشقا بىر جىنايەتنى ئارتىپ، شېڭ شىسەيگە مەلۇم قىلىدۇ. (شۇ چاغدا، سەمەت ھاجى مامۇت سىجاڭغا سۇيىقەست قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان دېگەن گەپ تارقالغانىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى.) شۇ ئارىلىقتا يەنى 1937- يىلى 1- ئايدا شېڭ شىسەي مامۇت سىجاڭنى ئۈرۈمچىگە يەنە چاقىرتىدۇ. سىجاڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن رەت قىلىدۇ. ئاخىرى بولماي، ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەييارلىنىۋاتىمەن دەپ ھەر ھەپتىدە ئوۋغا چىقىپ قېچىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈۋېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، 6- شىدىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتكەن تۇەنجاڭ، لىيەنجاڭلار قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار شېڭ دۇبەنىنىڭ مامۇت سىجاڭغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىللە، ئۇنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ. مامۇت سىجاڭ ئۇلارغا ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ پەيتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت

ئورۇنلىرىغا قايتىش ھەققىدە سجاڭغا ئىلتىماس سۇنىدۇ. مامۇت سجاڭ ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ غۇپۇر تۇەنجاڭنىڭ ئوقۇشقا بېرىش بىلەنلا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى سىزىپ ئۆز ئورنىغا قايتىپ خىزمەت ئىشلىشىگە يول قويماي، «ھازىرچە دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ ئۇلارنى دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. مامۇت سجاڭ بۇ كىشىلەرگە قىسمىنى تۇتقۇزماي تۇرۇپ، چەتئەلگە قېچىپ كېتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككى ھەپتە ئوۋغا چىقىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇچىنچى ھەپتىسى رەسمىي قېچىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. شۇ كۈنى ئۇ، ئاكىسى موسۇل ھاجى، توختى ھاجى باشلىق بىر تۈركۈم كىشىنى يېڭىسارغا يولغا سالىدۇ. ئارقىدىن، سىلىگبۇدا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىدىن بىرى بولغان ئىدرىسنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئوۋغا چىقىمىز دەپ، بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇ، ئەتىگەن سائەت سەككىزلەردە شىبۇدىن يولغا چىقىپ ساۋخۇغا بارغاندا، ئىدرىسنىڭ يان قورالىنى ئېلىۋېلىپ باغلاپ، ئىككى ئەسكەر بىلەن ئالدىن يېڭىسارغا يولغا سالىدۇ. (ئىدرىس رۇسچە بىلەتتى ھەم سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇراتتى.) ئارقىدىن ئۆزى يېرىم كېچىدە يېڭىسارغا يېتىپ بېرىپ، 3-تۇەنگە چۈشىدۇ. 3- تۇەنىدە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن ئىسمائىل ئاخۇن، مايىت ئاخۇنلار بار ئىدى. مامۇت سجاڭ بۇ يەردە ئەسكەرلەرنى جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغۇزۇپ، 1- لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ئابدۇنىيازنى بىر لىيەن ئەسكەر بىلەن يېڭىشەھەردىن چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەسكەرلەرنى توسۇش ئۈچۈن ياپچانغا ئەۋەتىدۇ. ئارقىدىن مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ئىسمائىل ئاخۇن لىيەنجاڭ كىچىك ئاخۇن بىلەن بوغالتىر ئابلىمىتنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپ، يېڭىسار باجخانىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسنى ئالدۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. قىزىلغا بارغاندا مامۇت سجاڭ

ئىدرىسنى ئېتىپ تاشلاپ، تاشقا باستۇرۇپ قۇيۇپ، كۆك راۋاتقا قاراپ ماڭىدۇ. 6- شىنىڭ 4- تۆەنى يەكەندە بولۇپ، ئۇنىڭ مۇئاۋىن تۆەنجاڭى بوساق نىيازنى مامۇت سىجاڭ قەشقەردىن بىرگە ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا 4- تۆەننىڭ تۆەنجاڭى سايىم، بوغالتىرى ھېكىمجان، يەكەن ھاكىمى ئەخمەتجان (ئەخمەتجان تاشكەنت ئۇيغۇرلىرىدىن ئىدى) لارنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپ، بانكىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ 4- تۆەننى باشلاپ كاچۇڭغا بېرىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. بوساق نىياز يەكەنگە كىرىپ سىجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ كاچۇڭغا بارسا، سىجاڭ كاچۇڭدا تۇرماي يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تاغ بويلاپ مېڭىپ، قاغىلىقنىڭ كۆكياردىن لاداخقا يۈرۈپ كېتىپتۇ، ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن ئەسكەرلەرگە:«سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، سىلەرگە ھېچ گەپ يوق، شېڭ دۇبەننىڭ يامان كۆرگەن ئادىمى مەن، مەن چىقىپ كەتسەم، ھەممە غوۋغا بېسىقىدۇ» دەيدۇ- دە، ھىندىستانغا كېتىدۇ.

مامۇت سىجاڭ بىلەن كۆكيارغا بارغان ئەسكەرلەر قايتىپ، كاچۇڭغا كېلىپ، بوساق نىيازنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلىدۇ.

مامۇت سىجاڭ قەشقەردىن ئايرىلىش ئالدىدا 2- تۆەننىڭ مۇئاۋىن تۆەنجاڭى ياقۇپقا: تۆەنجاڭ قۇربان نىيازنى ئۆلتۈرۈپ، تۆەننى باشلاپ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن يېڭىسارغا بېرىشنى بۇيرۇغان. بۇيرۇققا ئاساسەن تۆەنجاڭ ياقۇپ، قۇربان نىياز تۆەنجاڭنى ئاتىدۇ. لېكىن ئوق ئۇنىڭ پۇتىغا تېگىپ يارىلىنىدۇ. ئابدۇنىياز يېڭىشەھەردىن چىقىدىغان ئەسكەرلەرنى توسۇش ئۇچۇن ياپچانغا بارسا، كىچىك ئاخۇننىڭ يېڭىشەھەرگە يوللىغان خېتى قولغا چۈشىدۇ. ئۇ، بۇ خەتنى دەرھال يېڭىسارغا ئەۋەتىدۇ. لېكىن بۇ

چاغدا، مامۇت سجاڭ كېتىپ قالغان. ئابدۇنىياز ياپچاندا ئىككى كۈن تۇرۇپ ئەسكەرلىرنى ئېلىپ يېڭىسارغا قايتىدۇ.

قەشقەردە خىزمەتتە خاتالىشىپ تۈرمىگە كىرىپ قالغان مۆيدىن تەنفۇ (مۇئاۋىن تۇەنجاڭ مۆيدىن) يېڭىساردا تۈرمىدە ئىدى. ئابدۇنىياز ئۇنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، سجاڭنىڭ كەينىدىن كاچۇڭغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ كاچۇڭغا كەلگەندە، پۈتۈن ئەسكەرلەر ئۇ يەرگە توپلانغانىدى. مۆيدىن تەنفۇ كاچۇڭدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى يىغىپ، مامۇت سجاڭنىڭ ئورنىغا سجاڭلىققا بىرەيلەننى سايلاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەتىجىدە مۆيدىن تەنفۇنىڭ كۆرستىشى بىلەن ئابدۇنىياز سجاڭلىققا سايلىنىدۇ.

## يۈسۈپجان قۇر بېشى بىلەن سېتىۋالدىجاننىڭ ئاقىۋىتى

يۈسۈپجان قۇر بېشى يۇقىرىدىكى يەكەن ۋەقەسىدىن كېيىن تاغارما، بۇلۇڭكۆل، بوستان تېرەك ئەتراپلىرىدا ئەسكەرلىرى بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ما خۇسەن قەشقەر يېڭىشەھەردىن خوتەنگە يۆتكەلگەندە يېڭىسار ئەتراپىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم توسۇپ ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا يېڭىلىپ، تاشقورغاننىڭ تاغارما دېگەن يېرىگە ئورۇنلىشىدۇ. مامۇت سجاڭ ئاقسۇدىن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئەسكەرلىرى بىلەن مامۇت سجاڭغا تەۋە بولۇپ شەھەرگە قايتىپ كىرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي رىبالكىننىڭ كۆرستىشى بويىچە مامۇت سجاڭ يۈسۈپجاننى مارالبېشىدا تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، بۇ چاغدا مارالبېشىدا سوۋېت ئىنتېپاقىنىڭ «ئالتايىسكى» دەپ ئاتالغان رۇس قوشۇنى بار ئىدى، ئۇ بىرىپ شۇنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. شۇ ئارىلىقتا مامۇت سجاڭنىڭ

ئوسمان ئېلىنى ئەسكەرلىرى بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ، قولغا ئالغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپجان ۋەھىمىگە چۈشۈپ بىر كېچىدىلا ئىككى ئەسكىرى بىلەن مارالبېشىدىن يەكەن تەرەپكە قاچىدۇ، مەكىتكە كېلىپ بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە قونغاندا شۇ كېچىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ، كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، كېيىنكى ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ يېنىدا بىر قىسىم ئالتۇن، كۈمۈش بولۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان دېيىشىدۇ.

## سېتىۋالدىجان

سېتىۋالدىجان خوتەندە شامەنسۇرغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەتتىن بوشاپ قەشقەر شەھىرىدە بىكارچى بولۇپ قالغان، 1934- يىلى 2- ئايدا تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە ئۇ ھىندىستاننىڭ گىلگىتكە بارغاندا، گىلگىتنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئۇنى قولغا ئېلىپ قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقورغاندىكى قاراۋۇللۇق ئورنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن (بۇ چاغ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن چاغ ئىدى)، 35- يىلىنىڭ باشلىرىدا لىيۇ سىلىڭ تەرىپىدىن يېڭىشەھەردە ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئوسمان ئېلىنىڭ ئاقىۋىتى

ئوسمان سىجاڭ شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن 1933- يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەكەندە نەزەربەند قىلىنىدۇ.

1934- يىلى 4- ئايدا ماھمۇت سىجاڭ تەرىپىدىن يەكەندە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تارقىتىلىپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئوسمان نەزەربەندتىن بوشاپ ئۆزىنىڭ يۇرتى ئۇلۇغچاتنىڭ قىزىلبويىغا قايتىپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە نازىرى ئورازبېك مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تارقاپ كەتكەن چاغ ئىدى، ئۇ كېلىپلا تاغدا تارقاپ كەتكەن قىرغىز ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ئۇلارنىڭ سانىنى 500 گە يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ماھمۇت سىجاڭ رىبالكىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇنى ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا خەت چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كىرىدۇ. ئوسمان ئېلى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تىنچىپ ماھمۇت سىجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش كۆرۈپ بىر مەزگىل خاتىرجەم بولۇپ قالىدۇ، مانا شۇنداق بىر پەيتتە رىبالكىن ماھمۇت سىجاڭ ئارقىلىق ئوسمان ئېلىنى سىجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كېلىپ (ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان) شۇ يەردە قولغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ قورالسىزلاندۇرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ئائىلىسىگە قايتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئېلى پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئوسمان ئېلى بىر قانچە يىلدىن كىيىن ئۇرۇمچىدە شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلگەن.

## ئابدۇنىيازنىڭ يەكەنگە كىرىشى

ماھمۇت سىجاڭ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندىن كىيىن ئابدۇنىياز كاچۇڭدا توپلانغان ئەسكەرلەر تەرىپىدىن سىجاڭلىققا سايلىنىدۇ، ئاندىن

ئۇ ئەسكەرلەرنى قايتا تەشكىللەپ ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقى تۈەنجاڭلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن لىيەنجاڭلارنى تۈەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈپ كاچۇڭدىكى 1000 دىن ئوشۇق ئەسكەرنى تۆت تۈەنگە بۆلۈپ، 1937- يىل 4- ئاينىڭ 12- كۈنى يەكەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىدۇ. بۇ تۆت تۈەننىڭ، ئەسكەرلىرى ئاساسەن يېڭىساردىكى 3- تۈەننىڭ يەكەندىكى 4- تۈەننىڭ، ئازراق بىر قىسمى قەشقەردىكى 1-، 2- تۈەننىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى.

يېڭىسار تۈەنىنىڭ فۇتۈەنجاڭى ئىسمائىل ئاخۇن مامۇت سىجاڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يېڭىساردىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ 50 نەپچە كىشى بىلەن قاغىلىقنىڭ كۆكيارغا كەلسە سىجاڭ ئاللىقاچان چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ يەردە قونىدۇ، شۇ كېچىسى قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ 200 دەك ئەسكەر چىقىرىپ ئۇلارنى قورشىۋېلىپ ئۇلارغا ما خۇسەننىڭ قاغىلىققا كەلگەنلىكىنى، مامۇت سىجاڭنىڭ ئورنىغا ئابدۇنىياز سىجاڭ بولغانلىقىنى، قورال تاپشۇرسا ئابدۇنىيازغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىل قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، قاغىلىققا ماخۇسەننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ماخۇسەن فۇ تۈەنجاڭ ئىسمائىل بىلەن كامال لىيەنجاڭنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا: سىلەرنى ھازىر ئەسكەرلىرىڭلار بىلەن يەكەنگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن (ئۇ چاغدا قاغىلىقمۇ خوتەنگە يەنى ما خۇسەنگە قارايتتى، قاغىلىقنىڭ بۇ تەرىپى قەشقەرگە قارايتتى) ئابدۇنىياز سىجاڭغا ئېيتىڭلار، مەن خوتەندىن مامۇت سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەسلىھەتلەشكىلى كىلىۋېدىم. مامۇت سىجاڭ كېتىپ قاپتۇ. ئەگەر ئابدۇنىياز سىجاڭ قوبۇل

قىلسا بىز ئىتتىپاقلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلساق، دەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ قورالىرىنى قولىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئەپۇ سوراپ ئىككىسۇ دېگەن يەرگىچە ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ئىسمائىل يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن ئابدۇنىياز بىلەن كۆرۈشۈپ ما خۇسەننىڭ پىكرىنى يەتكۈزىدۇ. ئابدۇنىياز ئويلىنىپ باقايلى دەيدۇ ھەمدە ئىسمايىلنى ئۆزىگە مۇشاۋىر قىلىپ بەلگىلەيدۇ. كامال لىيەنجاڭنى تۈەنجاڭلىققا ئۆستۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى لىيەنلەرگە تارقىتىۋېتىدۇ، كىچىك ئاخۇن ماموت سىجاڭدىن قېچىپ قاغىلىققا چىقىۋالغانىكەن، ئۇنى بۇ قېتىم قايتۇرۇپ ئەكېلىپ نەزەربەند قىلىپ قويىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئابدۇنىيازغا يەكەن (شۇ چاغدا يەكەن ئىككى ناھىيە ئىدى)، پوسكام، مەكىت بولۇپ تۆت ناھىيە قارايدىغان بولىدۇ.

ئابدۇنىياز سىجاڭ بولۇپ يەكەندە تۇرغاندىن كېيىن لىۇ سىلىڭ ئابدۇنىيازغا ئىككى ۋەكىل ئەۋەتىدۇ (بۇلار ئاتۇشلۇق كېرىم ھاجى بىلەن تۇسەن گۇڭسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇكېرىمخان). ئۇلار ماموت سىجاڭنىڭ نېمە بولغانلىقىنى، قەيەرگە كەتكەنلىكىنى، بۇ ھەقتە ئابدۇنىيازنىڭ قەشقەرگە ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشنى ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز سىجاڭ يەكەندىن مېنى (قادىر ھاجى)، مولىلاردىن ئابدۇللا دامولىلامنى قەشقەرگە ۋەكىل بولۇپ بېرىشقا تەيىنلىدى، بۇ چاغدا مەن: قەشقەرگە بارمىسام بولاتتى، چۈنكى قەشقەر گوڭئەنجۈ مېنى رازۋېدكا قىلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم بارسام مېنى تۇتۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئۆزرەمنى ئېيتسام ئۇنىمىدى، «ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بىز ئۇرۇش بىلەن قايتۇرۇۋالىمىز» دېدى، شۇنىڭ بىلەن

نائىلاج يۇرۇپ كەتتىم. ئابدۇنىياز ليۇ سىلىڭغا، سوۋېت كونسۇلىغا خەت يېزىپ بەردى. ليۇ سىلىڭغا يازغان خەتتە ماۋۇت سىجاڭنىڭ چىقىپ كېتىش جەريانلىرى چۈشەندۈرۈلۈپ، مۇنۇ ئۈچ تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

(1) 6- شىنى يەكەندە تۇرۇشقا تەستىقلىسا؛

(2) 6- شىنىڭ تەمىناتى ئۆرۈمچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلسە؛

(3) ئابدۇنىياز 6- شىنىڭ سىجاڭلىقىغا بەلگىلەپ بېرىلسە، ئەگەر يۇقىرىدىكى تەلەپ ئورۇندالسا ھۆكۈمەتنىڭ قانداق بۇيرۇقى بولسا ئورۇندايمىز دېيىلگەن.

سوۋېت كونسۇلىغا يازغان خېتىدە: سوۋېت ئىتتىپاقى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ باش پاناھى، شۇڭا شۇ شوئارغا ئاساسەن بىزگە ياردەم بەرسە، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئەمەس، بىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈشنى خالايمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا قانداق سودا-سانائەتنى يولغا قويسا بىز ئۇنى ھىمايە قىلىمىز ۋە قوغدايمىز دېيىلگەن. بىز 4- ئاينىڭ 20- كۈنى ماشىنا بىلەن يېڭىسارغا بارساق ئۇ يەر پاراكەندە ئىكەن، بازار ئىچى ئەسكەر ۋە ساقچى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. ساقچىلار ماشىنىنى توستى. بىزنى ئېلىپ كەلگەن ۋەكىللەر ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندە، قويۇۋەتتى. بىز قەشقەر يېڭىشەھەر سىلىڭبۇغا چۈشتۇق ھەم ليۇ سىلىڭ بىلەن كۆرۈشتۇق. ليۇ سىلىڭ ماۋۇت سىجاڭنىڭ قېچىپ كېتىش جەريانلىرىنى سورىدى ھەم ئۆزىنىڭ ماۋۇت سىجاڭنىڭ قېچىشىدىن خەۋىرى يوقلىقىنى ئېيتتى، بىز ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئەتىسى مۇۋەققەت سىجاڭ قۇربان سەئىدى بىلەن كۆرۈشتۇق (بىز يولدىن ئۆتكىچە 12- ئاپرېل بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش

ئۈچۈن قىزىلدا راسلانغان سەھنە ۋە باشقا جاھازلارنىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆردۇق، ئۆتكۈزۈلمەپتۇ). قۇربان سەئىدى بىزنى شى شتابىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ بىز بىلەن پاراڭلاشتى. شۇ ئارىلىقتا (تېلېفون بەرگەن بولسا كېرەك) سوۋېت كونسۇلى ئابدۇللا ئەپەندى (تاتار) كىرىپ كەلدى. ئۇ كىشى بىزدىن يەكەن ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن ئابدۇنىيازنىڭ كونسۇلغا يازغان خېتىنى بەردۇق، خەتنى شۇ يەردىلا ئېچىپ كۆرۈپ:«ھازىر مىنىڭ ئىشىم ئالدىراش، سىلەر قايتىدىغان چاغدا ئابدۇنىيازغا خەت يېزىپ بېرىمەن، ئالغاچ كېتەرسىلەر» دېدى. شۇ بويىچە بۇ كونسۇل ئەپەندىمنى ئىككىنچى كۆرمىدۇق، خەتمۇ يېزىپ بەرمىدى.

مۇۋەققەت سىجاڭ قۇربان سەئىدى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: مامۇت سىجاڭ ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە ئىنچىل ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلدى، ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگىمۇ ئىشەنمىدى، شېڭ دۇبەن ئۇرۇمچىگە چاقىرتقاندا ماقۇل دەپ قويۇپ بارماي بىر مۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكنى تاپتى. مىللەت مەجلىسىگە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنى قوزغاپ خەلق نامىدىن ئەرز يازدۇردى. بۇ ھەقتە مەن سىجاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ، «ئاكا، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يۈرمەڭ، ئۇنىڭ پايدىسى يوق، شېڭ دۇبەن چاقىرتقاندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلىڭ، ھېچقانداق خەۋپسىرەيدىغان ئىش يوق، ئەگەر باشقىچە تەلەپلىرىڭىز بولسا كونسۇل بىلەن كۆرۈشۈپ شۇنىڭغا ئەھۋالىڭىزنى ئېيتىڭ، كونسۇل (سوۋېت كونسۇلى) ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ھەل قىلىپ قويىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇمچىگە بارغىنىڭىز تۈزۈك، شېڭ دۇبەن بىلەن ئۆزىڭىز كۆرۈشكىنىڭىز ياخشى» دېدىم. مامۇت سىجاڭ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ، «ئۇكام، سېنىڭ سۆزۈڭ توغرا،

ئوقۇغان ئادەمنىڭ زېھنى ئۆتكۈر كېلىدۇ، ئويلاپ ئەتە جاۋاب بېرەي» دېدى. ئەتىسى سىجاڭ مېنىڭ ئىشخانامغا كىرىپ، «سېنىڭ سۆزۈڭ توغرا ئىكەن، مەن ئەمدى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەييارلىق قىلىمەن» دېدى. لېكىن ئۇ شۇ كۈندىن تارتىپ قېچىشقا تەييارلىق قىلغانىكەن، ئەگەر مەن ئۇنى بىلىپ قالغان بولسام ئۆگزىگە پىلىموت قۇرۇپ قويۇپ ئۇنى مىدىرلاتمىغان بولاتتىم، دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىزنى 1- تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى ئەمەت مەخسۇمنىڭ ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بىز شۇ يەردە ئەمەت مەخسۇمنىڭ فۇگۇەنى مەمەتجان بىلەن بىرگە تۇردۇق. بىز يەكەندىن كېلىپ 4- كۈنى ئۈرۈمچىدىن بىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى مالىيە نازارىتى سەي تىڭجاڭ، ئىچكى ئىشلار نازىرى، خەلق ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ (كېيىنكى ئىككى كىشىنىڭ ئىسمى ئىسىمدىن چىقىپ قاپتۇ) جەمئىي ئۈچ كىشى كەلدى. ئۇلار يېڭىشەھەرگە چۈشكەنىكەن، بىزمۇ شۇ يەرگە چىقىپ سۆھبەتلەشتۇق، ئۇلار يەكەن ئەھۋالىنى سورىدى. بىز ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ ئابدۇنىيازنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئەمەسلىكىنى، ھۆكۈمەتكە قۇيىدىغان بىر قانچە تەلىپىنىڭ بارلىقىنى يەتكۈزدۇق. ئۇلار مۇنداق دېدى: بۇ تەلەپلىرىڭلار ئورۇندىلىدۇ. لېكىن ماموت سىجاڭنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ يەكەن، قەشقەرلەردىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى باشقۇرۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا تىنچلىق ئورنىتىلمايدۇ.

بىز ئۇلارغا: بىزنىڭ ھېچقانداق پىكرىمىز يوق، بىز ۋەكىل. سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئەينەن يەتكۈزىمىز، دېدۇق ھەم شۇ كۈنى قەشقەر كونىشەھەرگە قايتىپ كىردۇق.

بىزنى قۇربان سەئىدى قوبۇل قىلىپ يېڭىشەھەردە بولغان سۆھبەتنى سورىدى. بىز ئېيتىپ بېرىشۇدۇق، «ياخشى بوپتۇ، ئابدۇنىياز كەلسە مەن پۇتۇن ئەسكەرلىرىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، ياردەملەشكىن دېسە ياردەملىشىمەن» دېدى.

قەشقەر شەھىرىدە ماشىنا يوق 10 كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بىرىنچى ماي كۈنى بىر ماشىنا شىبۇغا كىردى. بىز شۇ ماشىنا بىلەن قايتىدىغان بولدۇق. ماشىنىغا چىقىدىغان چاغدا بىزگە دېھقان سۈپەت ئىككى ئادەمنى قوشۇپ قويدى ھەمدە قۇربان سەئىدى شوپۇرغا «بۇ ئىككى ئادەم يەكەنلىك ئىكەن، يول توسۇلۇپ قېلىپ كېتەلمەي قىينىلىپ قاپتۇ، ئالغاچ كېتىڭ» دەپ قويدى.

ئۇلارمۇ يەكەنگە يېقىن قالغاندا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى، ئۇ ئىككىسىنى ئىشپىيونمىكىن دېيىشتۇق.

بىز يەكەنگە شۇ كۈنى باردۇق. يەكەن سىلىڭبۇغا كىرسەك، شىبۇنىڭ ئىچى خېلى جىددىيلىشىپ قالغانىكەن. مەن (قادىر ھاجى) قەشقەرگە ۋەكىل بولۇپ كەتكەندە ما خۇسەن ئابدۇنىيازنى قاغىلىققا چاقىرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپتۇ.

## ئابدۇنىياز بىلەن ما خۇسەننىڭ بىرلىشىپ قىلغان ھەرىكىتى

1937- يىلى 5- ئايدا ئابدۇنىياز بىلەن ما خۇسەن قاغىلىقتا سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەتتە ھەر ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولىدۇ. شۇ چاغدا ما خۇسەن مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا

شىڭ شىسەيدىن دىيەنباۋ كەلدى، سەن ئابدۇنىياز بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى قورالسىزلاندۇرساڭ، مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن، دەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ماقۇل دەپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئەكسىچە مەن سەن بىلەن ئۇرۇشتۇم، ئەگەر ئىككىمىز بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرساق ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايمىز»، شۇنداق قىلىپ ما خۇسەن خىل قوراللانغان ئەسكەرلىرىدىن 300 نى ئابدۇنىيازنىڭ ئىختىيارىغا بەرمەكچى بولىدۇ. ئابدۇنىياز ئۆزىنىڭ قولىدىكى 1000 ئەسكەر قوشۇلۇپ جەمئىي 1300 ئەسكەر بىلەن قەشقەر كونىشەھەرگە، ما خۇسەن ئۆزىنىڭ 1500 ئەسكىرى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەرگە تەگمەكچى بولۇپ ئۇرۇشىدۇ.

ئابدۇنىياز ما خۇسەن بىلەن ئۇرۇشقەن كېلىشىم بويىچە ئۆزى يەتتە يۈز ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. مۆيدىن 600 ئەسكەر بىلەن تېرىم ئارقىلىق قەشقەر كونىشەھەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇ 5- ئاينىڭ 25- كۈنى ئىدى. مەن شۇ چاغدا يەكەندە مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدىم. ئابدۇنىياز مېنى چاقىرتىپ ئۆزىگە مۇشاۋىر قىلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئىككىنچى قېتىم ھەربىي خىزمەتكە ئالمىشىپ ئابدۇنىيازنىڭ يۈرۈشىگە قاتناشتىم.

ئابدۇنىياز، مۆيدىنلەر ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ 1937- يىلى 29- ماي كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدۇق. بىز دۆلەتباغ تەرەپتىن كېلىپ دەريانى بويلاپ كېرەمباغقا كەلگەندە قەشقەر گۇڭئەنجۈنىڭ ئەسكەرلىرى سىزىپ قېلىپ، بىزگە قارشى ئوق چىقاردى. لېكىن ئارىلىقىمىز يىراق بولغاچقا ئادەم چىقىم بولمىدى. شۇ چاغدا قەشقەر گۇڭئەنجۈنىڭ 300 دەك ئەسكىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسھاق بېك

قوماندانلىق قىلاتتى. بىز ئەتىسى ئەتتىگەنلىكتە يۇملاق شەھەرنى قورشىۋالدۇق. يۇملاق شەھەردىكى ماخۇت سىجاڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى قۇربان سىجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا سىپىلغا چىقىپ بىزگە قارشى ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىزنىڭ ئەسكەرلەرنىڭمۇ يەكەندىن كەلگەن ماخۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، «ھەر ئىككىمىز مۇسۇلمان تۇرۇپ، بىر-بىرىمىزگە ئوق چىقىرىشتۇق» دېيىشىپ بىرلەپ-ئىككىلەپ سىپىلدىن چۈشۈپ بىزگە قوشۇلۇپ سانىمىز غولداشقا باشلىدى. شۇڭا سوۋېت كونسۇلى ئالدىراپ-تېنەپ ئابدۇنىياز بىلەن قۇربان سەئىدنى كېلىشتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندى ھەم بۇنىڭدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

كونسۇلنىڭ كېلىشتۈرۈشى بويىچە: يۇملاق شەھەردىكى قۇربان سەئىدنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىش، ئابدۇنىيازنىڭ ئەسكەرلىرى يۇملاق شەھەردىكى سىلىگىبۇغا كىرىپ ئورۇنلىشىش، بۇنىڭغا ئابدۇنىياز بىلەن ما خۇسەن قول قويغان. شۇ چاغدا بۇ كېلىشىمنىڭ ئارقىسىدا نېمە يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزمەپتۇق. بۇ كېلىشىم ئاساسەن: ① قۇربان سەئىدنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئابدۇنىيازغا قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش؛ ② ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلگۈچە قەشقەرنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن. كېيىنكى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدى.

بىز كېلىشىم بويىچە ما خۇسەن، ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى قىسىملار قەشقەر يۇملاق شەھەر شىبۇغا ئورۇنلاشتۇق. لېكىن شۇ ئارىلىقتا بىز كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي جىم تۇرۇپتۇق. ئەمما

گۇڭگەنجۇدىكى قادىر ھاجى گۇڭگەنجۇ تۈرمىسىدىكى 300 دىن ئوشۇق مەھبۇسنى تۈرمىگە كىرسىن چىچىپ ھەممىسنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ساقچىلىرىنى ئېلىپ يېڭىشەھەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئابدۇنىياز قەشقەرگە كەلگەندىن كىيىن يەنە مېنى ئۆتكەندە كونسۇلغا يازغان خەتنىڭ جاۋابىنى ئېلىشقا (70- بەتتە) چىقاردى. مەن كونسۇلخانىغا چىقسام، مەن خەت تاپشۇرغان تاتار كونسۇل ئابدۇللا ئەپەندى كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا بىر رۇس كونسۇل كەپتۇ. مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنىڭغا مۇئاۋىن كونسۇل تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ، بىزگە ھېچ قانداق ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئىككى ئوتتۇرىدىكى ماجىرا ئۆز ئاراڭلاردىكى ماجىرا، شۇڭا بۇنىڭغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ خالىس ئادەم ئىكەنلىكىنى، ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايدىغانلىقىنى شۇنداقلا سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ ھەم ئۆزلىرىنىڭ ھېچ قانداق دەخلى- تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىنى تەكىتلەپ سۆزىنى تۈگەتتى. مەن بۇ ئەھۋالنى ئابدۇنىيازغا دوكلات قىلدىم. ئابدۇنىياز:«مەن ئۇلارنى بىلەتتىم، ئۇلار بىزگە ياردەم بەرمەيدۇ. شىڭ شىسەيگە بېرىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ بىز سىناپ باقتۇق، ئۇنىڭ زىيىنى يوق» دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىن بىزگە قارشى 10 ماشىنا ئەسكەرنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. بۇ ھەقتە ما خۇسەن بىلەن ئابدۇنىياز مەسلىھەتلىشىپ، قەشقەردە ماخۇسەن قېپ قېلىپ يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىنى باشلاش، ئابدۇنىياز خۇيزۇ، ئۇيغۇر بولۇپ 1400 دەك ئەسكەر بىلەن مارالبېشىغا بېرىپ ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنى توسۇش قارار قىلىندى.

بىز 37- يىل 6- ئاينىڭ 3- كۈنى قەشقەردىن يولغا چىقىپ 7- كۈنى مارالبېشىغا يېتىپ باردۇق. بىز بارساق ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر بىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ مارالبېشى سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ دەرۋازىنى تاقاپ، سېپىلغا چىقىۋالغانىكەن. بىز بېرىپلا سېپىلنى قورشاپ ئىككى كۈن ئۇرۇشتۇق. شىمال تەرەپتىكى دەرۋازىنى ئوت قويۇپ، ئۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىزگە ئۇرۇشنى توختاتساق، بىزگە ئىككى كۈن مۆھلەت بېرىلسە، قورالنى ئاندىن تاپشۇرساق، دەپ ۋەكىل چىقاردى. بىز ئۇلارنىڭ شەرتىگە كۆندۇق. لېكىن ئۇلار ئىككى كۈنگىچە قېچىش تەييارلىقىنى كۆرگەنىكەن. مۇددەت توشقان كۈنى ئۇلار ماشىنىنىڭ ئۈستىگە پىلموتلىرىنى تىكلەپ قويۇپ ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ، بىزگە قارىتىپ پىلموت ئېتىپ قېچىشقا باشلىدى. دەرۋازا ئېتىكلىك بولغاچقا ئىچىدىكى تەييارلىقتىن پەقەت خەۋىرىمىز بولماپتۇ. بىزمۇ ئارقىدىن ئوق چىقاردۇق. لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى. ئەمما ئۇلار قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. بىز مارالبېشىغا كېلىپلا تۇمشۇقتا ئەۋەتكەن بىر لىيەن ئەسكىرىمىز، ئۇلارنىڭ ماشىنىسىدا قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوق چىقىرىپ ئىككى ماشىنىنى توختىتىپ قالغان. ئۇنىڭدىكى 70 ئادەمدىن 18ى ئۆلگەن 52سى ئەسىر چۈشكەن. 70 دانە مىلتىق، بىرقانچە ساندۇق ئوق غەنىيمەت ئالغان.

بىز تۇمشۇقتا كەلگەندە ئابدۇنىياز بۇ لىيەننى تەقدىرلىدى. بىز تۇمشۇقتىن يۈرۈپ كەلپىننىڭ سايۋاغ دېگەن يېرىگە بارغان چېغىمىزدا ئىككى ئايروپىلان ئۈستىمىزدە پەسلەپ ئۇچۇپ بىزگە پىلموتتىن ئوق ئاتتى، بىزمۇ ئوق چىقاردۇق. بىرسىگە ئوق تېگىپ تاغ تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتسەك، ئايروپىلاندىكى ئىككى ئادەمدىن بىرسى ئۆلۈپتۇ.

لىيۇتچىك ساق قاپتىكەن، ئۇنى ھەيدەپ كەپتۇ. ئۇنى بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىدە قۇيۇپ ئۇنى ساقلاشقا بىر ئەسكەر قالدۇردۇق.

بىز ئۇ يەردىن ئايكۆلگە بارغاندا ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن تەشكىللىدى. بىر تۈەنىنى قۇمباشقا، بىر تۈەنىنى ئاۋاتقا، بىر تۈەنىنى غوروچۆلگە، بىر تۈەنىنى دەريا بويىغا ئورۇنلاشتۇردى. بىر لىيەنىنى ئۈچتۇرپان ئەتراپىغا، ئىككى لىيەنىنى شتابنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بىز ئابدۇنىياز باشچىلىقىدا ئاۋاتقا كىرىپ ئورۇنلاشتۇق. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر 2000 دەك بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقانىكەن. ئۇلار دەريانىڭ ئاقسۇ تەرىپىدە، بىز دەريانىڭ ئايكۆل تەرىپىدە ئورۇنلاشتۇق، ئۇلاردا پىلىموت، زەمبىرەك قاتارلىق قوراللارمۇ بار ئىكەن. بىزنىڭ قوراللىرىمىز بەك ئاددىي بولۇپ، ئوقلىرىمىزمۇ يېتەرلىك ئەمەستى، شۇنداقتىمۇ ئانچە- مۇنچە ئۇرۇشۇپ تۇردۇق.

ئابدۇنىياز ئۈرۈمچى ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىنى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن داۋۇت قارى دېگەن بىر كىشىنى لىيەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈپ، ئۇنى پارتىزانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا 100 ئەسكەر بىلەن شايار، كوچا ئەتراپىغا يولغا سالدى. ئۇ ئادەم خېلى تەدبىرلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاققا بارمايلا ئەسكەرلىرىنى تۆت- بەش يۈزگە يەتكۈزىۋالغان. ئۇلار كۇچارنىڭ ياقا دېگەن يېرىگە بارغاندا ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان ئىككى ماشىنا ئەسكەرنى توسۇپ، تەسلىم قىلىپ 80 دەك مىلتىق، نۇرغۇن ئوق- دورا غەنىيمەت ئالغان. بۆگۈردىمۇ ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ماشىنلىرىنىڭ چاقلىرىغا ئېتىپ ماشىنلىرىنى توختىتىۋېلىپ 300 دەك قورالغا ئىگە بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇدىكى

ئەسكەرلەرگە بارىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ قويۇپ، ئاقسۇدىكى ئەسكەرلەرگە زور خەۋپ يەتكۈزگەن.

شۇڭا ئۇرۇمچى قىسىملىرى قوراللىرى خىل، ئادەم سانى كۆپ بولسىمۇ بىر مەزگىل بىزگە يۈرەكلىك ھۇجۇم قىلالمىدى، لېكىن ئاندا- ساندا ئۇرۇش قىلىپ تۇردى. شۇ مەزگىلدە ئابدۇنىياز سىجاڭ ئاۋاتتا مۇشاۋىر ئىسمائىل ئاخۇننى 100 دەك ئەسكەر بىلەن قالدۇرۇپ، ئۆزى 100 دەك ئەسكەر بىلەن دەريا بويىدىكى ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بولۇپ، ئۇچتۇرپانغا چىقىپ كەتتۇق. دەريا بويىدىكى ئەسكەرلەر ئانچە- مۇنچە ئوق چىقىرىپ ئۇرۇشۇۋاتقانىكەن.

بىز ئۇچتۇرپانغا كېلىپ ئۇ يەردە ئوق زاۋۇتى، يەنە بىر كىيىم- كېچەك كارخانىسى قۇردۇق. ئۇلار قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە خېلى كۆپ ئوق قۇيۇپ بەردى ھەم خېلى كۆپ ئۆتۈك، چاپان تىكىپ بەردى. بىز ئۇچتۇرپاندا 20 كۈندەك تۇردۇق.

37- يىل 8- ئاينىڭ 5- كۈنى شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىزگە ھۇجۇم باشلىدى. بىز بىرقانچە كۈن ئۇرۇشقان بولساقمۇ، ئۇلار باستۇرۇپ كېلىۋەردى، شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ قىسىم ئۇچتۇرپانغا چېكىندى. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز 10 كىلومېتىرلا قالغانىدى، ئۇرۇش جىددىيلەشكىلى تۇردى. بىز ئاخىرى بولالماي ئاقچىغا چېكىندۇق. بىزنىڭ چېكىنگەن ئەسكەرلىرىمىز 400 دەك كېلەتتى، قالغانلىرى ئاۋات تەرەپتە قالغانىدى. شىڭ شىسەينىڭ بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلىرى 1000 دىن ئاشاتتى ھەم ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل ئىدى. بىز ئاقچىدىمۇ تۇرالماي،

تاغ يولى بىلەن يۈرۈپ ئەتىسى كەلپىنگە يېتىپ كەلدۇق. كەلپىندە 10 كۈندەك تۇرۇپ، ئۇ يەردىن يەنە ئاۋاتقا كەتتۇق.

قىستۇرما:

(1) ئابدۇنىياز شىسىنىڭ سەنمۇجاڭى مۆيدىن ئاۋاتقا كەلگەندە بىزدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭ شىڭ شىسەي تەرەپكە بىزنىڭ قىسمىنىڭ ئەھۋالى ھەم قىسمىنىڭ بىر قىسىم مەخپىيەتلىكلىرى توغرىسىدا يازغان خېتى قولىمىزغا چۈشۈپ قالدى. بۇنى نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. (ھېلىقى سوۋېت ليۇتچىكىنىمۇ شۇ قويۇپ بەرگەنىكەن.)

(2) پارتىزانلىق ئۇرۇشقا كوچا تەرەپكە ئەۋەتىلگەن داۋۇت قارى شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى يولدا توسۇپ ئۇرۇشۇپ، خېلى راۋاجلىنىپ، ئەسكىرى 400 گە يەتكەندى ھەم يېڭىجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەندى. كېيىنكى چاغلاردا بىز ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلاردا يېڭىلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالماي ھەم يوليورۇق بېرەلمەي ئۆزىمىز بىلەن بولۇپ يەكەن تەرەپكە چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارمۇ پارچىلىنىپ، ئەسكەرلىرى تارقاپ كېتىپ، ئاخىرىسىدا داۋۇت قارى قېچىپ دۇنخۇاڭ بىلەن لەنجۇغا كىرىپ كەتكەن (مەن كېيىن لەنجۇغا بارغاندا شۇ يەردىكى سودىگەرلەردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىدىم.)

(3) يۇقىرىدا خوجىنىياز ھاجىم تەرىپىدىن مۇسۇل ھاجىم بىلەن تاشكەنتكە ۋەكىللىككە ئەۋەتىلگەن ئەمەت پاختا دېگەن ئادەم بىلەن يەنە بىر ئاقسۇلۇق ئوسمان ئەپەندىنى ئۇچتۇرپاندا ئۇچراتتۇق. ئەمەت

پاختا شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ بانكىغا باشلىق بولۇپ شۇ يەردە ئىشلىگەنىكەن. ئەمەت پاختا بىزدىن ئايرىلىپ قەشقەرگە كەتتى. كېيىن ئاڭلىساق ھىندىستانغا چىقىپ ئۇيەردىن تۈركىيىگە كەتكەنىكەن.

## ئاقسۇ ئاۋاتتىن چېكىنىش

ئابدۇنىياز بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقسۇ دەرياسى بويىدا، ئۇچتۇرپاندا شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلگەندىن كېيىن ئاقچى ئارقىلىق كەلپىنگە چىقىپ، ئۇ يەردىن ئاۋاتقا بېرىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ قوشۇنىغا قوشۇلدۇ. بۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى سوۋېتنىڭ ئالتايىسكى رۇس ئەترىتىنىڭ ياردىمى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، ئابدۇنىيازنىڭ قىسىملىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتىدۇ. بۇ، 9- ئاينىڭ5- كۈنى بولۇپ، ئابدۇنىيازنىڭ قۇمباش، ئايكۆلدىكى 1000 دەك ئەسكىرى قاتتىق مۇداپىئەدە تۇردۇ. قارشى تەرەپ 2000 دەك ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم باشلاپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى غوروچۆل تەرەپكە، يەنە بىر بۆلىكى ئاۋاتنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلدۇ. غوروچۆلدىكى مۇداپىئەگە ئابدۇنىياز ئۆزى قوماندانلىق قىلدۇ. بىز ئاۋاتتا بىر كېچە- كۈندۈز ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى بولالماي، شتابنى ئاۋات بازىرىدىن يۆتكەشكە مەجبۇر بولدۇق. ئاۋات پۈتۈنلەي قورشاۋدا قالدى. بۇ چاغدا ئۇلارغا ياردەمگە ئايروپىلانمۇ كەلمىدى، لېكىن ئاۋات بازىرىغا بېسىپ كىرىشكە پېتىنالمىدى. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ، شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىگە قاراپ، 20 كىلومېتىردەك يول بېسىپ، بىر يېزىغا كېتىۋاتقىنىمىزدا، شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى كۆرۈپ قېلىپ، يىراقتىن ئوق چىقىرىشقا باشلىدى، لېكىن ئارىلىقىمىز يىراق بولغاچقا بىزنى چىقىمغا ئۇچرىتالمىدى،

بىز ماڭغان يول شاللىق ئوتتۇرىسىدىكى يول بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى تەرىپى پاتقاق ئىدى. بىز بىر يېزىغا قېچىپ بېرىپ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ تىزىمنى ئالساق، بىرىمۇ چىقىم بولماپتۇ. بىز بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلغان ما خۇسەننىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى ئالدىمىزدا ئىدى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە توختىماي يول يۈرۈپ، مارالبېشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ 9- ئاينىڭ 7- كۈنى ئىدى.

غوروچۆلدە ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى بولالماي يەكەن دەرياسىنى بويلاپ، غەربكە يۈرۈپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ چېكىنىپ پىچاق سىندىغا بېرىشىمىزغا بۇيرۇق قىلىندى. بىز يۇلغۇنلۇق (هازىرقى ساچىڭزا) غا كېلىپ، كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان قىسىملارنى پىچاق سىندىغا بېرىشقا بۇيرۇپ كېتىۋەردۇق. مارالبېشىدىن خەۋەر ئالساق سوۋېتنىڭ تويۇق ئارقىلىق قازاق، قىرغىز بولۇپ، 2000 دەك ئەسكىرى مارالبېشىغا كەپتۇ ھەمدە ئۇلاردىن 500 ئاتلىق ئەسكەر بىزنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشىدا ساقلاپ يېتىپتۇ، قالغان 1500 ئەسكەر قەشقەر، يەكەنلەرگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ما خۇسەننىڭ پەيزىۋاتنى ساقلاپ ياتقان ما لۈيجاڭ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلىرى سوۋېت كونسۇلىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىڭ شىسەيگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ ھەم يېڭىشەھەرگە بېرىپ ما خۇسەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىپتۇ. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، سوۋېت ئارمىيىسى قەشقەرگە بېسىپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە چېكىنىدۇ. يېڭىشەھەردىكى قۇربان سەئىدىنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەردىن كونىشەھەرگە قايتىپ كىرىدۇ.

ما لۈيجاڭ ماخۇسەننى قوغلاپ يەكەنگە بارىدۇ، ماخۇسەن ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، 100 دەك ئەسكىرى بىلەن قاغىلىقتا بېرىپ، ئۇ يەردىن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ماخۇسەننىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى قېچىپ خوتەنگە يېتىپ بارغۇچە، چولاق ساي دېگەن يەردە سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشى، پىلىموتقا تۇتۇشى بىلەن كۆپ قىسمى قىرىلىپ تۈگەيدۇ.

## پىچاق سىندى ئەھۋالى

بىز پىچاق سىندىغا توپلانغىنىمىزدا، ئابدۇنىيازنىڭ 1300 ئەسكىرىدىن پەقەت 1000 ئادەم قاپتۇ. قالغانلىرى ئۆلۈپ، قېچىپ تۈگەپتۇ. بىز مارالبېشىدا رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شاقۇردىن ئۆتۈپ، يەكەن دەرياسىنى بويلاپ، ئورمانلىق بىلەن مەكىتكە يۈرۈپ كەتتۇق. كېتىۋاتقىنىمىزدا كۈندە بىر قانچە سوۋېت ئايروپىلانلىرى كېلىپ بومبا تاشلاپ، بىزنى پاراكەندە قىلىپ تۇردى.

بىز يول باشلىغۇچىدىن ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. ئاندىن بىزمۇ ئۆتمەكچى بولدۇق. بىز 100 دەك ئادەم ئىدۇق، قېيىقتا ھەر قېتىمدا تۆتتىن ئولتۇرۇپ بىر كۈندە ئاران ئۆتۈپ بولدۇق. شۇڭا ئابدۇنىيازنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمىدۇق. ئايروپىلان بىزنى كۆپ قېتىم ئوققا تۇتتى، ئات ـ ئۇلاغلىرىمىز ئۆلدى، كۈندۈزى مېڭىشقا ئامالسىز قالدۇق.

يولدا كېتىۋېتىپ كىچىك ئاخۇن بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىم، ئۇ ماڭا: «قادىر ھاجىم، بىز ئەمدى يېڭىلدۇق، ئالدىمىزنى سوۋېت ئەسكەرلىرى

تۇسۇپ يېتىپتۇ، خوتەنگە ئۆتەلمەيمىز، شۇڭا ئىككىمىز يەكەنگە بېرىپ، رۇس ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولايلى (ئەل بولايلى)، بىزنى قارشى ئالىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن: «قورشاۋنى بۆسۈپ، خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى، ئۇ يەردىمۇ تۇرالمىساق، ھىندىستانغا چىقىپ كېتەرمىز. ئەگەر ھازىر ئەل بولساق، ئۇ رۇسلار بىر ئاز كېچىكتۈرۈپ بولسىمۇ بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېدىم.

ئاخىرى كىچىك ئاخۇن ئۆزىنىڭ سوۋېت كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، ماڭا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇنىڭغا كۆنمىدىم، ئاندىن ئۇ: «مېنى كۆرمەسكە سالسىلا، مەن قېچىپ كېتەي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېچىپ كەتتى.

كىچىك ئاخۇن ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم يەكەندىن قاچقاندا تۇتۇلۇپ قېلىپ، تۇۋا قىلغاندىن كېيىن ئابدۇنىياز كەچۈرۈم قىلغان. مامۇت سىجاڭ ۋاقتىدا سوۋېت كونسۇلىغا يازغان خېتى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، تۇۋا قىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى.

كىچىك ئاخۇن يوشۇرۇن قېچىپ شىك شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە شىك شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇنىيازنىڭ دوختۇرى مۇسا يەكەنگە قېچىپ بېرىپ، سوۋېت ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولدى.

مەن يولدا ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالدىم. مىڭ تەستە ئىككى كۈندىن كېيىن پوسكام دېگەن يېزىدا ئابدۇنىيازغا يېتىشۋالدىم. ئابدۇنىياز كىچىك

ئاخۇن، مۇسا دوختۇر قاتارلىق بىر قانچە ئەمەلدارنى سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ خېلى غەزەپلەندى. ئاندىن بىزگە: «ئادەملەر مۇشۇنداق ۋاقىتتا سىنىلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەملەرنىڭ بىزدىن بۇرۇنراق كەتكىنى تۈزۈك. گەپ ئەمدى ئالدىمىزدا، باغ جىگدىگە ئورۇسلارنىڭ 1000 دەك ئەسكىرى توپلىنىپتۇ. ئۇ يەرگە ئۇيغۇر، خۇيزۇ بولۇپ 1000 دەك ئەسكەر ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئوق چىقارسا بۇلارمۇ ئوق چىقىرىدۇ. بولمىسا، ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز بۈگۈن شامدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقىپ، كېچىلەپ ئۆتۈپ كىتىمىز، ئەگەر ئۇلار توسۇپ ئۇرۇشسا، بىزمۇ ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بوسۇپ ئۆتۈپ كېتەلىسەك، قاغىلىققا چىقىپ كېتىمىز، ئۇ يەردە ئورۇسلارغا ئەل بولغان خۇيزۇ قوشۇن بار. ئۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلىسەك ئاندىن خوتەنگە يېتىپ بارالىشىمىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا خوتەندىكى خۇيزۇ قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ، خوتەننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ بولمىسا، قاراڭغۇ تاغقا چېكىنىپ چىقىپ، شۇ يەرنى بازا قىلىپ ئۇرۇشىمىز. مۇبادا ئۇمۇ ئەپلەشمىسە، ھىندىستانغا چىقىپ كېتەرمىز» دېدى. مەن ئابدۇنىيازنىڭ پىكرىگە قارىتا: «بۇ قارارلىرى ياخشى بوپتۇ. لېكىن ئۇ رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بوسۇپ ئۆتۈپ كېتىش قىيىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قولىدا زەمبىرەك، پىلىموت قاتارلىق خىل قوراللار بار. بىزدە بولسا، ئۇنداق قوراللار يوق، ھەتتا ئوقلىرىمىزمۇ يەرلىك ئوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا بىز مۇشۇ يەردىكى 100 دەك ئەسكەر بىلەن تەكلىماكان ئارقىلىق گۇمىغا بېرىپ، سانجۇ ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كەتسەك، قالدى 200 چە ئەسكەرنى باغ جىگدىدىكى قىسىملارغا ياردەمگە

ئەۋەتسەك، ئۇلار مۇشۇ يەردە ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ قالسا، تارقاپ كەتمەمدۇ؟»
دېدىم.

ئابدۇنىياز: «ئۇ پىكرىڭىز توغرا ئەمەس، بىز يەكەندىن چىقىپ قەشقەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئاقسۇ ئاۋات، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا غەلىبىلىك جەڭ قىلدۇق. ئەمدىلىكتە ئورۇسلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بىز مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەندە، ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ، نېمە بولساڭ بول دەپ، ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى ئېلىپ چەتكە چىقىپ كەتسەك بىزگە سەت ئەمەسمۇ؟! ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. نېمە بولساق، ئەسكەرلەر بىلەن بىللە بولىمىز. ئۇرۇشۇپ، شۇلار بىلەن بىرگە قۇربان بولىمىز. مامۇت سىجاڭ چەتكە چىقىپ كېتىپ نېمە نەتىجىگە ئېرىشتى؟ بىر لېگەن پولونى يەپ بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بىرەر پارچە خېتىمۇ يوق. بىزمۇ چىقساق، شۇنداق بولارمىز. چەتنىڭ ياردەم بېرىشىمۇ تايىنلىق. بۇنداق پىكردىن قايتىسلا» دېدى (ئەسلىدە ئابدۇنىياز بىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ھېچ بولمىغاندا، ھىندىستانغا چىقىپ كېتەرمىز دەپ قويغانىكەن)، ئۇنىڭ ئەسكەرلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش نىيىتى زادى يوق ئىدى. بىز ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېسىلىپ قالدۇق.

ئابدۇنىياز ئەسكەرلەرنى تەييار بولۇشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا 300 چە ئەسكەر قالغانىدى. 9-ئاينىڭ 15- كۈنى نامازشام بىلەن باغ جىگدىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئابدۇنىياز ئەسكەرلەرنى تارقاپ كەتمىسۇن دەپ، پات- پات ئاتلىق قىسمىنىڭ ئالدى- ئارقىسىغا ئۆتۈپ تەكشۈرۈپ تۇردى. تاڭ ئاتقاندا، بىر چوڭ ئۆستەڭگە دۈچ كەلدۇق. ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىز ئىدارە

كادىرلىرى توسۇلۇپ قالدۇق. شۇ ئارىلىقتا ئېتىم كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئاتنى سۇدىن چىقىرىپ نەرسە-كېرەكلىرىمنى باشقىدىن جايلاپ بولغۇچە، قىسىم ئۇزاپ كېتىپ قالدى. مەن ئەمدى يولنى تەكلىماكانغا سالاي دەپ تۇرسام، ئابدۇنىياز، باش كاتىپ مەھەممەت ئىمىن مەخسۇم بىلەن ئوسمان ئەپەندىنى مېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇلارغا:«ئەمدى ئۇرۇشۇشنىڭ ئەھمىيتى قالمىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇنىياز سىجاڭغا پىكىر بەرسەم قوبۇل قىلمىدى، شۇڭا بىز ئۈچىمىز مۇشۇ يەردىنلا گۇمىغا چىقىپ، ئۇ يەردىن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتسەك» دېدىم. ئۇلار ماقۇل قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر ئادەمگە يول باشلىتىپ، قۇملۇقتا بىر كۈن يول يۈرۈپ مازار قۇم دېگەن يەرگە يېتىپ باردۇق، ئۇ يەردە ئون ئۆيلۈكتەك ئاھالە بار ئىكەن. ئۇلار بىزنى كۈتۈۋالدى. بىز ئۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق سېتىۋېلىپ، بىر ئادەمنى يول باشلاشقا 100 سەرگە يالىلاپ، يولغا چىقتۇق. ئۇ يەردىن قاغىلىق تەۋەسىدىكى چەچ قۇم، قار باستىم، ئىسمىسالا، ئۇششاقباش ئارقىلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ، لاداققا بارىدىغان يول بىلەن قارا قۇرۇم داۋىنىدىن ئېشىپ، ھىندىستانغا چىقىپ كەتتۇق.

## ئابدۇنىيازنىڭ ئاقىۋىتى

ئابدۇنىياز يەكەندە رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بوسۇپ ئۆتۈپ كېتەلمەي، 50- 60 ئەسكەر بىلەن يېڭىسارغا چېكىنگەندە، يېڭىشەھەردىن ئىككى ماشىنا ئەسكەر چىقىپ، سارايىنى قورشىۋېلىپ ئۇرۇشىدۇ. ئىككى-ئۈچ سائەت ئۇرۇشقاندىن كېيىن ئوق چىقىش توختايدۇ. كىرىپ قارىسا ئابدۇنىيازنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەن ئابدۇنىياز بولسا يارىدارلىنىپ

ياتقان. يىڭشەھەردىن چىققان ئەسكەرلەر ئۇنى ماشىنىغا سىلىپ، يىڭشەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ ( بۇ، ياپچانلىق كىشلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشى).
يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا، باغ جىگدىدە بولغان ئۇرۇشتا بۆسۈپ ئۆتۈپ قاغىلىققا قاراپ ماڭغاندا، پوسكام بىلەن قاغىلىق ئارىلىقدا شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ ئۇرۇشمۇ ئاياغلىشىدۇ.

قۇربان سەئىدى مامۇت سىجاڭنىڭ ئورنىغا سىجاڭ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇمۇ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ، شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلگەن.
شىڭ شىسەي مامۇت سىجاڭ ۋەقەسى تۈپەيلىدىن، تۈرلۈك بەتناملارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭدا بىر قانچە 10 مىڭ ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتى. بۇنى شىنجاڭ خەلقى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايدۇ.

شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى( 17 - سان) دىن ئېلىندى.

# ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن خەلقىگە قىلغان زوراۋانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ئىشلىرىدىن ئەسلىمەلەر

مەمتىمىن توختى

تورغا يوللىغۇچى: yawuz

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=198

ماخۇسەن قوشۇنلىرى خوتەن رايونىدا 1934- يىل 7- ئايدىن 1937- يىل 10- ئايىغا قەدەر، يەنى ئۈچ يىل تۆت ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلدى، بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ خوتەن خەلقىگە سالغان زۇلۇم كۈلپەتلىرىنى بۇ قىسقىغىنا ئەسلىمە بىلەن تامامەن يېزىپ ئىزاھلاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇنداق بولسىمۇ ئەمەلىي كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بەزىبىر پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

## 1. ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ قانۇنسىز ئالۋان- سېلىقى.

ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ خەلققە كۈندىلىك سېلىق قويۇپ يىغىۋالدىغان ئالۋان- ياساق نەرسىلىرىنىڭ سان ۋە تۈرلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز. بۇنىڭ ئىچىدە ئايلىق، ھەپتىلىك ۋە كۈندىلىك تۈزۈم ئارقىلىق يىغىۋالدىغانلىرى ئالتۇن، كۆمۈش، مىس، تۇچ، تۆمۈر- پولات، گۈرۈچ، بۇغداي، قوناق، ياغاچ، ھەرخىل تېرە، تۆگە، قوي يۇڭلىرى، ئوتۇن، پىچان

(بېدە)، سامان، پاختا، ھەرخىل يىپ، خام- چەكمەن، ئات، كالا، قوي، توخۇ- ئۆردەك، ھەرخىل تۇخۇم ۋە ياغ قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئالۋان- ياساقنى يىغىۋالغۇچىلار كۈنىگە نەچچە ئون قېتىمدىن كېلىپ- كېتىپ تۇراتتى. جاغلىغا كەنتىدىن ئىمام شا يۈز بېشى (مېنىڭ قېيىن تاغام) نىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە:«بىر كۈندە دېھقانلاردىن يىغىۋالىدىغان ئالۋان- ياساقنىڭ تۈرى 36 خىلغا يەتكەن كۈنلەرمۇ بولغان. يىغىۋالىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرى كۆپ، سانى جىق ھەم ۋاقىت چەكلىمىسى قىسقا بولغانلىقتىن، بىر قېتىمدا ئات- ئۇلاغ، ئاشلىق، خام-چەكمەن قاتارلىق ئون نەچچە خىل ئالۋاڭنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىپ بېرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ماخۇسەنىنىڭ ئەسكەرلىرى قولۇمنى باغلاپ ئېسىپ قويۇپ، بوينۇمغا بىر دانە تاشنى ئېسىپ قۇيۇپ، ئازابلىغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دادام چىداپ تۇرالماي ئىككى تاش تۈگمىنىمىزنى بىر ئەمەلدارغا سېتىپ ئات پۇلى ۋە باشقا ئالۋان ئۈچۈن تۆلەپ بېرىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالغان» دەيدۇ. ھەممىدىن ئېغىر بولغىنى شۇكى: يەر بېجىدىن باشقا ھەقسىز تۆلەيدىغان ئىككى خىل ئاشلىق بولۇپ، بىر خىلى «چۆرۈمە ئاشلىق» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ھەپتىدە بىر قېتىم تۆلەيدىغان ئاشلىق ئىدى. يەنە بىر خىلى «دەن ئاشلىق» دەپ ئايمۇ ئاي تۆلەيدىغان ئاشلىق بولۇپ ئۇنىڭ مىقدارى، ئۆلچەم سانى ھەر يۇرتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنەتتى، يەنە بىرسى ئات ئالۋىڭى بولۇپ، ئاتنىڭ ھەرخىل رەڭ تۈرلىرى بويىچە يۇرت- يۇرتقا تەقسىم بۇلاتتى. مەسىلەن: ماخۇسەنىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى تۆت لۈي بولۇپ، ھەر بىر لۈي ئىككى تۈەن (پولك) دىن ئىبارەت ئىدى. 1- لۈي تامامەن جەدە ئات، 2- لۈي قۇلى

ئات، 3- لۈي ئاق ئات، 4- لۈي قارا ئاتلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتلارمۇ شۇنداق رەڭ تۈرى بويىچە ئالۋان قويۇلاتتى. سۈپەتتە ئاختا قىلىنغان ھەم ياش، ھەم سېمىز بولۇشى شەرت ئىدى. مۇنداق سۈپەتلىك ئاتنىڭ ھەر بىر كەنتتىن تېپىلىشى قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەرنىڭ قېرىپ قالغان، كېسەل بولۇپ قالغان، ئورۇقلاپ كەتكەن ئاتلىرىنى ئۆزلۈكسىز يەڭگۈشلەپ ۋە تولۇقلاپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بولغانلىقتىن، ئات ئالۋىنى داۋاملىق بولۇپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك نائىنساب ئەمەلدارلار ھەرخىل ئالۋان- ياساقلارنى تاكى ناھىيەدىن كەنتكە قەدەر قاتمۇ قات كۆپەيتىپ يىغىۋالاتتى.

## 2. ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ خەلقنى قاقشىتاتتى:

ماخۇسەن ئەسكەرلىرى 15 ياشتىن يۇقىرى، 50 ياشتىن تۆۋەن كىشىلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ زۇلۇم سالاتتى. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار خورلىنىپ ھەر خىل كېسەل ۋە تاياق زۇلۇم ئازابى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر نەچچىسى ئۆلۈپ كېتەتتى. مۇشۇنداق ئازاب ئوقۇبەتلەرگە تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن خوتەن ياشلىرى يەر ئاستى گەمىلەردە، ساندۇقلاردا ۋە ئۆڭكۈرلەردە يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە ۋە ئىمكانىيەت تاپالىغانلىرى چەت يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

## 3. قول ھۈنەرۋەنلەرنى مەجبۇرى تۇتۇۋېلىپ ھەقسىز ئىشلىتىش:

ماخۇسەن ئۆز قوشۇنلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، ئېگەر- جابدۇق كارخانىسى، گىلەم كارخانىسى، سەيپۇڭ كارخانىسى، ئاياغ- كىيىم

كارخانىسى، تۆمۈرچىلىك كارخانىسى، بوياقچىلىق كارخانىسى ۋە باشقا كارخانىلارنى قۇرۇپ، يۇرت ئىچىدىكى قول- ھۈنەرۋەنلەرنى قويماي يىغىۋېلىپ، ھەقسىز ئىشقا سالغانلىق سىرتىدا قېچىپ كېتىدۇ دەپ ئۇلارغا تۇرمىدىكى مەھبۇسلاردەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارنى بالا- چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمەيتتى، ئاش- تاماقتا قىساتتى، ناۋادا قېچىپ قويسا تۇتۇپ كېلىپ ئۇرۇپ مېيىپ قىلىۋېتەتتى، ھەتتا بەزىلىرىنى ئازابلاپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ئازاب- ئوقۇبەتلەر تۈپەيلى، چەت ۋىلايەت ۋە چەت مەملىكەتلەرگە قېچىپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كېيىنكى يىللاردا، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بەزىلىرى چەتتە تۇرمۇش قۇرۇپ ئەۋلادلىق بولۇپ قالغانلىقتىن ھازىرغىچە قايتىپ كېلىشمىدى.

## 4. ھاشار ئالۋىڭى:

ھەر خىل ھاشار ئالۋىڭى توختىماي بولۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئوتۇن، بېدە، سامان توشۇش ئەمگىكى ئېغىر ئىدى. چۈنكى يۇرتتا دېھقانلارنىڭ ئات- ئۇلاغلىرى ئالۋان- ياساق تۈپەيلى ئۇرۇقلاپ ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن، ئوتۇن- سامان توشۇش ئىشى ئادەم كۈچى بىلەن بولاتتى. ئەمگەككە يارايدىغان ياشلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ياكى قېچىپ كەتكەن بولغانلىقتىن ئوتۇن- سامان، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى توشۇش ئىشى پەقەتلا ئاياللار بىلەن ياشانغان ئەر كىشىلەرگە قالغانىدى. بۇ ھەقتە شائىر مەھەممەت تۇردى قاسىم ماخۇسەننىڭ زۇلۇملىرىنى شىكايەت قىلىپ يازغان تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىرنى ئەسلىسەك كۇپايە قىلار:

تاۋار- دۇردۇن جىلتىكە تارلىقىدىن رەنجىگەن قىزلار،

ئوتتۇن- سامان يۈدمەك بىلەن قەددى دۈتار ئولدى.

**5. ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ خەلق ئۆيلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشى ۋە خەلقنى زورلۇق بىلەن شەخسى ئىشلىرىغا سېلىپ بوزەك قىلىشى:**

ماخۇسەن قوشۇنلىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپچىلىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى بىرگە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ناھىيە، شەھەرلەردە خەلقنىڭ بىر قەدەر ياخشىراق بولغان ئۆيلىرىگە زورلۇق بىلەن ئورۇنلىشىۋالاتتى. ئۇلارغا ھېچقانداق نارازىلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار خەلقنىڭ ئۆيلىرىدە زورلۇق بىلەن ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆي تازىلاش، ئېغىل تازىلاش، ئۇلاغلىرىنى سۇغۇرۇش، ئوت- بېدە توغراش، ئوتۇن يېرىش، نەرسە- كېرەك توشۇش قاتارلىق ئائىلە ئەمگەكلىرىگە كوچىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنى مەيلى ئۇ ئەر- ئايال، ياش قېرى بولسۇن تۇتۇپ كىرىپ كۆن بويى ئىشقا سالغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ئىشنى ئوبدان قىلالمىدىڭ دەپ ئۇراتتى. ئەگەردە تۇتۇۋالغاندا نارازىلىق قىلىپ قارشىلىق قىلسا ياكى قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنسا، رەھىم قىلماي ئازابلايتتى.

**6. ياش ئۆسمۈرلەرگە سالىدىغان زۇلۇم:**

ماخۇسەن قوشۇنلىرى 15 ياشتىن يۇقىرى بولغان ياشلارنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ بالايى- ئاپەت كەلتۈرگەننىڭ سىرتىدا 15

ياشتىن تۆۋەن، سەككىز- توققۇز ياشتىن يۇقىرى ئۆسمۈر بالىلارنى پەيجاڭدىن يۇقىرى (پەيجاڭ بۇنىڭ ئىچىدە) ھەربىيلەر ۋە كويەندىن يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ چايچىلىق خىزمىتىگە تۇتۇۋېلىپ (بۇلار گاۋا دەپ ئاتىلاتتى) ھەربىي كىيىم كىيدۈرۈپ شەخسى خىزمىتىگە سالاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۆز دەرىجىسى بويىچە بىر قانچىنى ئىشلىتەتتى. ئۇ بالىلارنى كۈن بويى تۈرلۈك پارچە- پۇرات ئىشلارغا سالغانىنىڭ سىرتىدا، ئاخشاملىرى پۇت- قول، بەدەنلىرىنى تۇتقىلى سالاتتى. ئەگەردە قىلغان ئىشلىرى كۆڭلىگە ياقمىسا ئۇراتتى. بەزى ئادەملەر ئوغۇل باللىرىنى بۇنداق زۇلۇمغا تۇتتۇلۇپ قېلىشىدىن قاچۇرۇپ، قىز بالىچە كىيىم كىيدۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋالمۇ بولغان.

### 7. ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ يەنە بىر ۋەھشىيلىكى:

ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن خوتۇن- قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ نومۇسغا تېگەتتى. خەلق ئۆيلىرىگە ئورۇنلىشۋالغان كۆچمەنلەرمۇ، شۇ ئائىلىدە ياكى شۇ مەھەللىدە كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن خوتۇن- قىزلارغا ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن باسقۇنچىلىق قىلاتتى.

### 8. تەۋەككۇل ئىسلام ئاۋاتتىكى قانلىق پاجىئە:

1936- يىلى 2- قېتىملىق قانلىق پاجىئە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى تەۋەككۇل ئىسلام ئاۋات يېزىلىرىدا بولغان. ئۇنىڭ قىسقىچە جەريانى: ماخۇسەن قوشۇنىنىڭ ئىسلام ئاۋاتتىكى بىر باج پونكىتىنىڭ ما

فامىلىلىك بىر خادىمى بىر ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئېرى (يەرلىك) سىزىپ قېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن.« ما » ئۇنى قارشىلىق قىلدى دەپ ئېتىۋەتمەكچى بولغان. بۇ ئادەم ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دېهقانلار ئاممىسى مۇشۇ پۇرسەتتە زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ باشلىماقچى بولۇپ، خوتەندىن كېلىدىغان ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن قوللىرىغا چوماق ئېلىپ تەييارلىق كۆرىدۇ. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ماخۇسەن پىلىموت ۋە قىلىچ، مىلتىقلار بىلەن تولۇق قوراللانغان ئىككى روتا ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. دېهقانلار ئۇلارنى يول ئۈستىدە توسۇپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇرۇش نەتىجىسىدە خەلقنىڭ قولىدا تاياق- توقماقتىن باشقا قورال بولمىغانلىقتىن ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى پىلىموت ۋە مىلتىقلاردىن يامغۇردەك ئوق چىقىرىپ خەلقنى ئوققا تۇتىدۇ. نەچچە ئون ئادەم ئۆلىدۇ، خەلقلەر قېچىپ ھەر تەرەپكە ۋە چۆل- جاڭگاللارغا تارقاپ كېتىدۇ. ماخۇسەننىڭ ئاتلىق قوشۇنى قاچقانلارنى قوغلاپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەرنى ئېتىپ- چېپىپ قىرغىن قىلىپ، شۇ كۈنى كەچتە ئىسلام ئاۋات، تەۋەككۈلگە باستۇرۇپ كىرىدۇ (خوتەن بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى 90 كىلومېتىر يول بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان كەنت) قوزغىلاڭ باشلىقى ئەخمەت سەردار قاتارلىق قوزغىلاڭچىلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر دەريانى بويلاپ جاڭگال يولى بىلەن ئاقسۇغا قېچىپ كېتىدۇ. قالغان كىشىلەر ئىككى- ئۈچ كۈنلۈك يىراق ئورمانلىق (توغراقلىق) جاڭگاللارغا قېچىپ كېتىپ يوشۇرۇنۇپ جان

قۇتقۇزىدۇ. ئەمما قوزغىلاڭنى باستۇرغىلى كەلگەن ئەسكەرلەر ئۈچ- تۆت كۈن تەۋەككۈل ئىسلام ئاۋاتنى ئالا- توپىلاڭ قىلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئېتىپ، چېپىپ، ھەتتا ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنىۋالغانلارنىمۇ ئاقتۇرۇپ تۇتۇلغان ئادەملەرنى ئېتىپ- چېپىپ، نەتىجىدە 200 دىن ئارتۇق بىگۇناھ خەلقلەرنى قىرغىن قىلىدۇ. مەن بۇ پاجىئەلىك قىرغىن ۋاقتىدىكى بەزى كونكرېت ۋەقەلەرنى تەكرارلاپ تۇرمايمەن. پەقەت ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەڭ قەبىھ پاجىئەنى ئەسلەپ ئۆتىمەن. ماخۇسەن قوشۇنلىرى تەۋەككۈل ئىسلام ئاۋاتتىكى قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، مەزكۇر قوزغىلاڭغا ئەگىشىپ قالغان كىشىلەردىن ۋە ھېچ ئىشقا قاتناشمىغان گۇناھسىز دېھقانلاردىن، ھەتتا خوتەن ۋە لوپ تەۋەسىدىن تەۋەككۈلگە كېتىۋاتقان يولۇچىلاردىن بولۇپ نەچچە ئون كىشىنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ يۈگۈرتۈپ يۈرۈپ، ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن قىيناپ سوراق قىلىپ، ئاخىرى 36 ئادەمنى سۇ دەرۋازىسى دېگەن يەردە قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگەن. شۇ مەزگىلدە مەن 16 ياشلاردا بولۇپ ماخۇسەن ئاچقان خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم (ئەسكەرلىككە تۇتۇلماسلىق ئۈچۈن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان). ئوقۇغۇچىلىق كۆك كىيىم بىلەن بولغاچقا كوچىلاردا ئەركىن يۈرەتتىم. بىر كۈنى 36 ئادەمنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقتى. مەن، مەھەممەت رەجەپ قاتارلىق بىر نەچچە ساۋاقداشلار بىلەن جازا مەيدانىدىكى بىر سۆگەتكە چىقىپ قاراپ تۇردۇم. ماخۇسەننىڭ جاللاتلىرى مەزكۇر 36 ئادەمنى ئالتىدىن ئالتە سەپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ھەممىنىڭ قولى ئارقىغا باغلانغان، بېشى يالاڭئاشتاق بولۇپ، ئالدىنقى سەپتىكى ئالتە ئادەمنىڭ ئوخرەك (دولا) سۆڭىكىدىن تېشىپ سىم

ئۆتكۈزۈپ بىر- بىرىگە چېتىپ باغلانغان. 2- سەپتىكى ئالتە ئادەمنىڭ بۇرنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆمۈرچەكتىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ بىر- بىرىگە چېتىپ باغلانغان. 3- سەپتىكى ئالتە ئادەمنى قۇلىقىدىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ يۇقىرىقىدەك چاتقان؛ 4- سەپتىكى ئالتە ئادەمنى ئالقانىدىن تېشىپ چاتقان. 5-، 6- سەپتىكىلەرنى پەقەت باغلاپلا چاتقان. مەيداندا مۇشۇ سەپ تەرتىپى بىلەن ئالتىدىن سەپ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، 18 نەپەر جاللات ئالدىنقى سەپتىكى ئالتە ئادەمنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ھەر بىر ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇچتىن جاللات قىلىچ تۇتۇپ يەكلىرىنى تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. ئاخۇن لۈيجاڭ دېگەن باشلىق بىر قىغ دۆۋىسىگە چىقىپ بىر نېمىلەرنى قىسقىغىنا سۆزلەپ بولۇپ بىر پۇشتەك چالغانىدى، جاللاتلار قولىدىكى قىلىچلار بىلەن چاپتى. ئالتە ئادەمنىڭ بېشى كېسىلدى. بىر ئادەم ئورنىدىن قوپۇپ كېتىپ يىقىلدى، بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، كېيىن يىقىلدى. بۇنداقلارغا يەنە قىلىچ چاپتى. جاللاتلار 2- سەپكە كېلىپ بۇيرۇق كۈتتى. پۇشتەك چېلىنىش بىلەن تەڭ 2- سەپتىكى ئالتە ئادەمنىمۇ چاپتى. مۇشۇ ئۇسۇلدا ئالتە سەپ (36) ئادەمنى بىر- بىرلەپ چېپىپ تاشلىدى. شۇ چاغدا جازا مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا كۆز يېشى قىلىپ تۇرغان ئاممىنىڭ ئىچىدە بىر ئاق كىيىملىك ئايالنىڭ «ۋاي بالام!» دەپ ھەر تەرەپكە ئۆزىنى تاشلاپ چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاۋاتقان يىغىسى ھەممە ئادەمنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى. بۇ ئايالنىڭ 19 ياشلىق بالىسى لوپنىڭ جىيا كەنتىدىن ئېشەك بىلەن تەۋەككۈلگە كېتىۋاتقاندا يولدا قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ 30 نەچچە ئادەمنى باغلاپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرگە ئۇچراپ قالغاندا ئەسكەرلەر ئۇنى «سەنمۇ تەۋەككۈللۈك

ئادەم ئىكەنسەن» دەپ تۇتۇۋالغانىكەن. يىغلىغۇچى ئانا شۇ بالىنىڭ ئانىسى ئىكەن، دېمەك تەۋەككۇل ئىسلام ئاۋاتتىكى ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ شۇنداق پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان ئىدى.

9. يۇقىرىدىكى قىرغىنىنىڭ قان ئىزلىرى تېخى قۇرۇماي تۇرۇپلا قاراڭغۇ تاغدا، تاغنىڭ ئەمەلدار بېگى غوجا مەخمۇت بەگ دېگەن تاغدىكى چارۋىچى خەلقلەر بىر جىنازا نامىزىغا توپلانغاندا قوي، قوتاز ۋە نەق پۇل قاتارلىق ئالۋان تۆلەيسىلەر دەپ خەلقنى قىستايدۇ. ئاقتۇرسۇن موللا قاتارلىق ئادەملەر: بىز جايلاپ بېرەيلى، ۋاقتنى سەل- پەل ئۇزارتىپ بەرسلە، دەپ تەلەپ قىلىدۇ. بەگ بولسا خەلقنىڭ تەلپىگە قۇلاق سالماي خەلقلەرنى ھاقارەتلەپ زورلۇق قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ سۆز تالىشىپ جېدەللىشىدۇ. نەتىجىدە ئاقتۇرسۇن موللام باش بولۇپ بەگنى باغلاپ قويىدۇ. بۇ ئەھۋال ماخۇسەنگە ئاڭلانغاندا، بۇ يەرگىمۇ ئەسكەر چىقىرىپ 130 ئائىلىگە ئىگە قاراڭغۇ تاغ كەنتىدە ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق قىلىپ، ئاقتۇرسۇن موللا قاتارلىق يەتتە كىشىنى تۇتۇپ خوتەنگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئادەملەرنى ھازىرقى خۇڭشىڭ كۇلۇبى ئورنىدىكى كونا مال بازىرى دېگەن مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. مەزكۇر يەتتە ئادەمنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ قولىنى ئارقىغا باغلاپ جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈپ يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ دۈمبىسى چاقپەلەك شەكلىدە داغلانغان بولۇپ، تۆمۈرنى قىزىتىپ ياققان ئورۇنلار قارىداپ كەتكەن. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم، قاراڭغۇ تاغ ۋەقەسىمۇ ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئاياغلاشقانىدى.

## 10. ماخۇسەن قوشۇننىڭ خوتەن خەلقىگە سالغان ئاخىرقى زوراۋانلىقى ھەم مەغلۇبىيىتى:

1937- يىل 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن ئاسمىنىدا ئۈچ دانە ئايىروپىلان پەيدا بولدى. بۇ ئايىروپىلانلار بىر ئاز پەسلەپ ئۇچۇپ، شەھەر ئەتراپىنى بىر قانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، يەنە يۇقىرى ئۆرلەپ، ماخۇسەن قوشۇنلىرى جايلاشقان ئورۇنلارغا بىر قانچە بومبا تاشلاپ كېتىپ قالدى. شۇ نۆۋەتتە يەنە بىرمۇنچە تەشۋىق ۋاراقلىرىمۇ تاشلىغاندى. تەشۋىق ۋاراقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرچە بولۇپ، مەزمۇنى: ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى ئۆيلۈكلاردا ساقلىماڭلار، نەرسە- كېرەك بەرمەڭلار ۋە ساتماڭلار، ئۇلارنى يوشۇرغان ۋە ئوزۇق تۈلۈك بىلەن تەمىنلىگەن ۋە يول كۆرسىتىپ ياردەملەشكەنلەرنى جازالايمىز، پاش قىلىپ تۇتۇپ بەرگەنلەرنى مۇكاپاتلايمىز، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەشۋىق ۋاراقلىرى دۇبەن شىڭ شىسەي، رەئىس خوجىنىياز ھاجى دېگەن نام بىلەن يېزىلغانىدى. ماخۇسەن قوشۇنلىرى ئۆزىنىڭ ئەجىلى توشۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ خۇددى غالجىر ئىتتەك قېچىشقا باشلىدى. بىز شۇ ۋاقىتتا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتۇق، ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ئائىلىمىزگە تارقاپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلىپ ئۆزلىرى قېچىپ كېتىشتى. مەن بىر نەچچە تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تېپىۋېلىپ ئوقۇپ تۇرسام سۆۋەيىن دېگەن بىر ئوقۇتقۇچى كاچات بىلەن بىرنى ئۇرۇپ تەشۋىق ۋارىقنى تارتىۋالدى. قولۇمدا قېلىپ قالغان ۋاراقنىڭ بىر قىسمىنى ئاتا- ئانامغا ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار ھاياجانلىنىپ كۆز يېشى تۆكۈپ، بۇ ئەبلەخلەر يوقىلىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن، گۈشنى چۈللەردە قاغا- قۇزغۇنلار يېسۇن! دېيىشتى. بۇ سۆز پۈتۈن خوتەن خەلقىنىڭ كېچە- كۈندۈز ئاغزىدىن

چۇشۇرمەيدىغان نەپرەت سۆزلىرى ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭ ماخۇسەن ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەرگە ئوت قويىدىكەن دەيدىغان گەپ تارقالدى. ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا يېڭىشەھەر ھاۋا بوشلۇقىدا ئوت يالقۇنلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىدارە، جەمئىيەت ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقلىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان، سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى، ئاشپۇزۇل ـ ناۋايخانىلار زىچ جايلاشقان، ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى چىرايلىق رەتلىك رەستە كوچىلىرى بولغان يېڭىشەھەر ئىچى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي كۆيدى. پەقەت ئەتراپتىكى سېپىل تامدىن باشقا ھېچ نەرسە قالماي تۈپتۈز بىر قاقاسلىققا ئايلاندى. شەرقىي ـ شىمال تەرىپىدىكى ئاشلىق ساڭ كۆيمەي ساق قالدى. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا باشقا ئۆي ئىمارەتلەرگە تۇتاش بولمىغانلىقى سەۋەب بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەھەممەت شېرىپ مۇپتى، ھوشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر نەچچە يۇرت ئاخۇنلىرى شەرقىي تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئاممىغا:«ئاشلىققا تەگمەڭلار، ئاشلىقنى ساقلاپ قالايلى، بىز سىلەرگە دۇئا قىلىپ رەھمەت ئوقۇيلى. چۈنكى كېلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئەسكەرلىرى بار، ئۇلارغىمۇ ئاشلىق كېرەك، ساڭغا يېقىن ئوتلارنى ئۆچۈرۈپ ئاشلىقنى مۇھاپىزەت قىلايلى» دەپ نەسىھەت قىلدى. مەھەممەت رەجەپ، ۋاڭ شىنزى قاتارلىق بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار قولىمىزغا ئالا كالتەك تۇتۇپ، ئاخۇنۇملارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي ئاشلىقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلارنى توسۇپ تۇردۇق. خەلقلەرمۇ بۇ ئىشتىن رازى بولۇشۇپ ساڭغا يېقىنلاشقان ئوتنى ئۆچۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ ئاشلىق ساقلاپ قېلىندى. شەھەردە بىر كېچە ـ كۈندۈز بولاڭ ـ تالاڭ بولدى. ماخۇسەننىڭ كارخانىلىرىدىكى مىڭلىغان

قول- ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئۆز كارخانىلىرىدىن قولغا چىققاننى ئېلىپ ئۆز مەھەللىلىرىگە قېچىپ تارقاپ كېتىشتى. نەچچە ئاي ھەتتا يىل بويى ئائىلىسىگە بارالماي تۈرمىدىكى مەھبۇسلاردەك كۈن كەچۈرگەن ھۈنەرۋەنلەر بىراقلا ئازادلىققا چىقتى. ئوتنىڭ كۆيۈشى ئۈچ كۈن داۋام قىلدى. خەلقنىڭ مال- مۈلكىنىڭ توشۇپ بولالمىغان بىر قىسمى كۆيۈپ كەتتى، ياكى ئولجىغا كەتتى. ماخۇسەن قوشۇنلىرى بولسا، كۈندۈزى يېزا قىشلاقلارغا تارقىلىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كېچىسى پەيدا بولۇپ خەلقنى (بايلارنى) بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ ئالتۇن، كۆمۈش، پۇل (مال)، يىپەك قاتارلىق يەڭگىل پۇللۇق (ماللارنى) توپلاپ چەرچەن يولى بىلەن قېچىشقا باشلىدى. دەسلەپكى كېچىدە ھېيتگاھ مەھەللىدىكى ھېيت ئاخۇن تاشچى (قاش تېشى سودىگەر ھەم قول ھۈنەرۋىنى) ھويلىسىدا ئېسىپ قويۇپ، ئالتۇن نەدە دەپ قىيناپ، بەرگەنگە قانائەت قىلماي ئېتىپ تاشلىغان پاجىئەلىك ۋەقەنى ئاڭلىغان ئىدىم. ھاللىق تۈرمۈشتىكى ئادەملەر ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باشقا جايلارغا قېچىپ جان ساقلاشتى. شەھەر بولسا بەش كۈن ھۆكۈمەتسىز قالدى. بۇ چاغدا شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ ئاخۇنلىرى، شەھەرنىڭ بەزى ئىنتىزامىنى، مەسلەن، لۈكچەكلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ساقلىنىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ شەھەر ئامانلىقىنى ساقلاپ قالدى. ھەر كۈنى خوتەننىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، شەرققە قاراپ ئۇچۇپ ماخۇسەننىڭ قاچقۇن قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، پىلىموتقا تۇتۇپ، كەچتە قايتىپ كېلىپ تۇردى. ئون نەچچە كۈن مۇشۇنداق قوغلاپ يوقىتىش نەتىجىسىدە ماخۇسەن ھۆكۈمىتى تارمار قىلىندى. يېڭى ھۆكۈمەت كېلىدۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاخۇنۇملارنىڭ باشچىلىقىدا شەھەر خەلقى

ۋە ئوقۇغۇچىلار شورباغ يولىغا قارشى ئالغىلى چىقتۇق. ئالدىدا تانكا قىسىم زەرەھلىك ئاپتوموبىل (20 دانە)، ئارقىدىن 40 ئاپتوموبىللىق قىسىم (بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورۇس ئەسكەرلەر)، ئاخىرىدا ئاتلىق قىسىم (قىرغىز ئەسكەرلەر) كېلىپ ھازىرقى كوئىنلۇن سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قەدىمكى چوڭ مەيدانغا چۈشۈپ چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتى.

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ 17- سانىدىن ئېلىندى.

# قەشقەر تارىخىدىكى " فېۋرال پاجىئەسى "

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

تورغا يوللىغۇچى: niyazdixan

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=89

جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانى ( باۋۋېي زوڭسىلىڭ) خوجىنىياز ھاجى 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى.

شۇ كۈنلەردە قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ ( چولاق زىخۇي) غا قارشى " يېڭى شەھەر " سوقۇشى بولۇۋاتاتتى. بۇ ئۇرۇش باشباشتاقلىق، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق سىلىشى تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ بولمىغان ئىدى. گەرچە بۇ ئۇرۇش باشلانغىلى 60 نەچچە كۈن بولغان، " يېڭى ھۆكۈمەت " ( شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى) نىڭ جىددىي سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ، يېڭى شەھەردىكىلەر تېخى تەن بەرمەيۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە كېلىپلا يېڭى شەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى ـ دە، بىر بەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇنۇم كۆرۈشكە باشلىدى. ماجەنساڭ چېكىنىپ سېپىل ئىچىگە مۆكۈنۈشكە مەجبۇر بولدى. دەل شۇ

كۈنلەردە مافۇيۈەن باشچىلىقىدىكى 3 پولك ئەسكەر ئاقسۇدىن قەشقەرگە كېلىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشى، پەيزىۋاتلاردا كۈچلۈك قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ بىر كېچىدىلا قەشقەردىن كېتىپ قالدى.

خوجىنىياز ھاجى 28 - يانۋار كۈنى كېچىسى بىر بۆلۈك كۈچىنى ئېلىپ يەكەنگە كەتتى. مەھمۇت مۇھىتى ئاساسى كۈچى بىلەن يېڭىساردىكى خوتەنلىك ئەمىرلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا قالدى. " يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ " باش ۋەكىلى ساۋۇت داموللا ئاساسىي كۈچىدىن ئايرىلغان ھالدا يېڭىساردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەكەنگە كەتكەن ئىدى. " يېڭى ھۆكۈمەت " قارمىقىدىكى قوشۇنلاردىن قەشقەر شەھەر مۇھاپىزەت قوماندانى ( چىڭپاڭ سىلىك) كىچىك ئاخۇن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئاستىن ئاتۇشقا، " زىرائەت نازىرى" ئوبۇل ھەسەن ھاجى ( مۇسابايوپ) زەيدىن كارۋان باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۈستۈن ئاتۇشقا، " دۆلەت مۇداپىئە نازىرى " قىرغىز ئورازبەك قىرغىز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇلۇغچات تەرەپكە، " قەشقەر گارنىزون قوماندانى "ئۆزبېك يۈسۈپجان قۇر بېشى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىسار تەرەپكە كەتتى-دە، قەشقەر شەھىرى مافۇيۈەن قىسمىلىرىغا ئۆتچە قالغان ئىدى. بۇ چاغدا شەھەردىكى بايلار قولىغا چىققانىنى ئېلىپ چەتكە قاچتى. ئىمكانىيىتى بارلار شەھەرنى تاشلاپ يېزىغا چىقىپ كېتىشتى. ئىمكانىيىتى يوق كاسىپلار، كەمبەغەللەر ..... شەھەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۆزبېك يۈسۈپجان قۇر بېشى باشباشتاقلىق قىلىپ، ھېچكىمگە يۈلەنمىگەن ھالدا تۇنگانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېلىشماقچى بولدى. خوجا نىياز ھاجى قەشقەرگە كەلگەندە ھاجى ئاكا دەپ يۈرۈپ نۇرغۇن مىلتىق، ئوق

دورىلارغا ئىگە بولغان يۇسۇپچان خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىپ يولنى تاشملىق تەرەپكە سالدى.دە بوراختاي ( بۇلاقسۇ) ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى ۋە بىر قىسمى شەھەر ئەتراپلىرىغا سۇقۇنۇپ، يەرلىك دېھقانلارچە كىيىنىپ خەلققە ئارىلىشىپ يۈرۈۋەردى.

مافۇيۇەن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، قەشقەرگە يېتىپ كېلىپلا كونا شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇنى قەشقەرنىڭ ھاكىمى ( شەنجاڭ) ياقۇپ بەگ لاۋسى، ئىبراھىم لوزۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم بايلار شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ شەھەرگە باشلاپ كىردى. مافۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرى، شەتەي يامۇلى بىلەن داۋتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ بىر قىسمى شەھەر ئىچىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ سودا سارايلىرىغا ئومۇمەن ھېيتگاھ مەيدانى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. مافۇيۇەن گەرچە قەشقەر شەھرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ سىپىل ئىچىگىلا ھۆكۈمران ئىدى. دەرۋازا تېشىغا ھۆكۈمى ئۆتمەيتتى. ئەسكەرلىرىنى قىشلىق كىيىندۈرۈش ئىشى مۇھىم بولغاچقا شەھەردىكى بارلىق كاسپلارنى يىغىۋالدى. كىيىم تىككۈچى، موزدۇز، بوياقچى، ئىگەرچى، تاسمىچى، ياغاچچى ھەتتا تۆگمە ياسايدىغان ئۇستىلارغىچە ھەيدەپ كېلىپ سارايلاردا بېسىۋالغان چەكمەن، ماتالاردىن كىيىم تىكتۈردى. مىلتىققا تاسما، ئاتلارغا ئېيىل ياساتقۇزدى. كاسپلارنى قۇرۇق جىگموما بىلەن ئاچ - توق ئىشقا سالدى. ياخشى ئىشلىمىسە مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇردى. بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. ھەتتا ئۆيدىن كەلگەن تاماقنى ئالدۇرماي قاتتىق ئازاب سالغان ئىدى. مافۇيۇەن قوشۇنلىرىغا ئوزۇقلۇقنى يېزىلاردىن ئالاتتى. يېزىلارغا قوراللىق ئەسكەرلەرنى چىقىرىپ ئوتۇن، سامان يىغدۇراتتى. بەزىدە ئۇنىڭ

قوراللىقلىرى يېزىلاردا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېچىپ كېلەتتى. يېزىلاردىن بولۇۋاتقان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم بارغانسېرى شەھەر ىچىگە يېتىپ كەلدى-دە، تۇمەن دەرياسىغا ئېلىپ چىققان ئاتلىرىنى ھۇجۇمچىلار تارتىپ ئېلىپ كېتەتتى. مافۇيۇەن بۇ ئەھۋاللارنى ئوڭشاش ۋە شەھەر خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بەگ، پاششاپ، مىرشاپلاردىن كەڭ پايدىلاندى. قەشقەرنىڭ بۇرۇنقى ئاتاقلىق باجگىرى ئىبراھىم لوزۇڭنى شەھەر مۇھاپىزەتچى قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئىنقىلابچىلار سىرتتىن قېچىپ كەلگەن رىشتەمنى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قوماندانى ( يۇيجى سىلىڭ) قىلدى. رىشتەم ئاستىن ئاتۇش تىجەنلىك بولۇپ بۇرۇن دۇمبالاقچى ( ئېشەكچى كىراكەش) بولۇپ، قورغانغا چىقىپ قىرغىزىستاندىن چىققان جانبەك قازىنىڭ ئىسيانچىلىرىغا قاتناشقان، كېيىن قېچىپ كېلىپ قىمارۋازلىق قىلغان، شۇ يىللاردا كىچىك ئاخۇن بىرىگادىسىدا ليەن دەرىجىلىك ئەمەل تۇتقان، كىچىك ئاخۇن شەھەردىن چېكىنگەندە 30 دەك قوراللىق ئادىمنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە قېچىپ كىرىپ تۇڭگانلارغا تەسلىم بولغان ئىدى. مافۇيۇەن شەھەر ئەتراپىدىكى ھۇجۇمچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئاتۇشتىكى كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭنى يوقىتىش ئۈچۈن 6 - فېۋرال شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئاتۇش تەرەپكە ئەسكەر ماڭدۇردى. شۇ كۈنى قار يېغىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ كەينىدىن يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭنىڭ ئالا ياماق چاپان كىيگەن ئەسكەرلىرى كېلىپ ھېيتگاھدىن ئۆتۈپ شەرق تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. بۇ ئىككى قوشۇن ئەمەلىيەتتە ئاتۇشقا بارمىغان ئىدى. مافۇيۇەن ئاپپاق خوجامنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ يول بىلەن بۇچا تەرەپكە كەتكەن بولسا، ماجەنساڭ ئۆز

قوشۇننى ئېلىپ دۆلەت باغ رايونى ئارقىلىق يېڭى شەھەرگە كەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۆزبېك قوشۇنلىرى باشلىقلىرىدىن قوچقار باي، ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەردىن تەركىب تاپقان يۈز نەپەر پىدائىيلارنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ رەستىدىكى مۇساباييوپلارنىڭ سودا سارىيىغا ئورۇنلاشقان تۇنگان بىرىگادا شتابىنى قولغا چۈشۈردى. يەنە بىر بۆلىكى توققۇزاق دەرۋازا گۈزىرىدىكى موللاخۇن ھاجى سارىيىغا ئورۇنلاشقان تۇنگان پولك شتابىنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئىككى شتابتا بىر نەچچە نەپەرلا ئادەم قالغان بولغاچقا ئۆزبېك پىدائىيلىرى ئاسانلا قولغا چۈشۈرۈۋالدى. پىدائىيلار يەنە ئىككىگە بۆلۈنۈپ شەتەي يامۇلى بىلەن داۋتەي يامۇلغا ھۇجۇم قىلدى. داۋتەي يامۇلدىكى زىخۇيچىلار ( تۇنگانلار) يامۇلنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىغا چاقلىق پىلموت قۇرۇپ ئات سېلىپ كەلگەن پىدائىيلارنى ئوققا تۇتتى، بىرقانچىسىنى ئۆجمىدەك تۆكۈۋەتتى. قالغان پىدائىيلار تۆت تەرەپتىن ئوراپ ھۇجۇم قىلدى. زىخۇيچىلار ھەم ئۇلارغا قارشى مۇداپىئەلەندى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. پىدائىيلارنىڭ شەھەرگە كىرىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان " ئامىن " چىلار گۇرۇھى پەيدا بولدى. قوللىرىغا كالتەك، پالتا، كەتمەن ئېلىشىپ پىدائىيلارغا قوشۇلدى. بۇ گۇرۇھ بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەتراپ يېزىلاردىن كىرىشكە باشلىدى. بۇ ئامىنچىلار داۋتەي يامۇلنىڭ ئەتراپىدىن؛ يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇرۇشىغا قارىماي ئامىن تووۋلاپ دۈشمەنلەرنى قىستاپ بارماقتا ئىدى. ئۇرۇش شۇ خىل تىركىشىش بىلەن بىرنەچچە سائەت داۋام قىلدى. لېكىن پىدائىيلار شەھەر دەرۋازىلىرىغا سەل قاراپ ئىچىدىن زەنجىرلەپ قويۇش بىلەنلا

قانائەتلەنگەن ئىدى. ئاتۇشقا بېرىش داغدۇغىسى بىلەن شەھەردىن چىققان مافۇيۈەن بەشكېرەم ئاغزىغا جايلاشقان ئۆزۈن سايغا يېتىپ كەلدى. " شام پادىشاھ " دېگەن مازارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ بىر نېمە كۆتكەندەك شەھەر ئىچىگە قاراپ تۇردى دەل شۇ ۋاقىتتا چاپارمىنى يېتىپ كېلىپ شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن مافۇيۈەن شەھەرگە قاراپ ئات سالدى، ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە داۋتەي يامۇلدا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇلار سېپىل ئۇستىدە قاراۋۇلنىڭ يوقلىغىنى كۆرۈپ " تۆشۈك دەرۋازا " سىدىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. بۇلاردىن بىر قىسمى ھېيتگاھنىڭ شەرقىدىكى قاراڭغۇ رەستىنىڭ دوقمۇشىغا پىلىموت قۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇشتۇمتۇت بولغان ھۇجۇمدىن ھاڭ - تاڭ قالغان پىدائىيلار بىلەن " ئامىن " چىلار خام بازىرى سولاقمىسىغا سۈرۈلدى. ئەمما ھەممە تەرەپنى تۇنگان ئەسكەرلىرى توسۇپ ئالغان ئىدى.

ئۇيقۇسى ئېچىلىپ دالدىلاردىن پايدىلىنىپ مۇداپىئە كۆرگەن پىدائىيلار قەيسەرلىك بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ بېسىپ كېلىۋاتقان زىخۇيچىلارنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇرۇش سائەتلەپ داۋام قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپ چىقىمدار بولدى. پىدائىيلار سان جەھەتتىن ئازلىق قىلاتتى. پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى ئارقا ئەنجان كوچىسىدىكى " لى جىڭ " يامۇلىغا چېكىنىشتى. يەنە بىر قىسمى جاننى ئالقانغا ئالدى - دە يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئەنجان رەستىسىگە قاراپ ئات سالدى زىخۇيچىلار بۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغۇچە بىر قانچىسى يار باغ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. زىخۇيچىلار ئۇلارنىڭ يولىنى قاتتىق توسۇغان بولسىمۇ ئۇلار ئاتنىڭ قارنىغا چۈشۈۋېلىپ زىخۇيچىلاردىن بىر

قانچىنى دومىلىتىپ تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بەزەنلىرى ئۆلدى. چىقىپ كېتىشكە ئامال تاپالمىغان پىدائىيلار سۇرۇلۇپ ھېيتگاھ ئارقا ئەنجان كوچىسىدىكى " لى جىلى " يامۇلى دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنغا توپلىنىپ ئېگىز سىراج تاملاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى قوغدىدى. زىخۇيچىلار ئۇلارنى 4 تەرەپتىن ئوراپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ ئوققا تۇتتى. بولۇپمۇ سىپىل تەرەپتىن قاتتىق ھۇجۇم قىلىشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى قېلىن تامدىن ئۆتمەيتتى. پىدائىيلار بولسا كۆزگە كۆرۈنگەن زىخۇيچىلارنى ئېتىپ دومىلىتاتتى.

بۇ ئۇرۇش كەچ سائەت 4 لەرگىچە داۋام قىلدى. زىخۇيچىلار كۆپلەپ چىقىم تارتتى. يېرىم كۈنلۈك ئۇرۇشتا شۇ كوچىدىن 45 پۇقرانى ئېتىپ تاشلىدى. ھايات قالغان كىشىلەر ئۆيدىن ئۆيگە تۆشۈك تېشىپ ئۆي ئاتلاپ يۇرۇپ بۇ ئورۇندىكى كىچىك خالتا كوچىدا ئولتۇراقلاشقان ئافغان پۇقراسىنىڭ ئۆيگە كىرىۋېلىپ جېنىنى ساقلاشتى. زىخۇيچىلار ئافغان پۇقراسىنىڭ ئۆيگە ئېسىلغان ئىنگلىز بايرىقىغا قاراپ بۇ كوچىغا كىرمىگەن ئىدى.

« لى جېك دىكى پىدائىيلار زىخۇيچىلار بىلەن كەچكە قەدەر ئېلىشىپ قارشى تەرەپنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. زىخۇيچىلار ھەم ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بەرمىگەندىن كېيىن ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ ئالدامچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. مەھەللىدىن تۇتۇۋېلىنغان ئابدۇخالىق دېگەن بىلەن زۇنۇن ئاتا دېگەن ئۇيغۇرنىڭ

قولىغا بىر دانە ئاق بايراق بىلەن بىر پارچە خەت تۇتقۇزۇپ پىدائىيلار تەرەپكە ماڭدۇردى.

پىدائىيلار ئاق بايراقنى كۆرۈپ ئەلچى ئىككەيلەنگە قاراپ ئوق ئاتمىدى. ئەلچىلەر كېلىپ پىدائىيلارغا بىر پارچە خەت تاپشۇردى. بۇ خەت ئەھرارخان تۆرەم، مۇھەممەت خان ئاقساقال باشلىق ئۆزبېك مۆتىۋەرلىرى نامىدىن يېزىلغان ئىدى. خەتتە: سىزلەرنىڭ خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز سىلەرنى بۇ خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مازۇڭ زىنخۇي بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ سۆھبەتلەشتۇق. گۇناھلىرىڭىزدىن ئەپۇ سورىدۇق. ئۇ كىشى ھەم قوبۇل كۆرۈپ كەچۈرۈم قىلىدىغان بولدى. تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرسىڭىزلار كەڭچىلىك قىلىدىغانغا ۋەدە بەردى. ئۆتكەننى سۈرۈشتە قىلمايمىز، دېدى. ئەگەر ئۆزىڭىزلەرنىڭ ھاياتىنى ئىزدىسىڭىزلەر ۋە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىنى خالىسىڭىزلار تەسلىم بولغايسىزلەر. مادارىن جانابلىرى چوقۇم كەڭچىلىك قىلىمەن دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچتى. بىز سىزلەرگە كېپىل بولدۇق، سىزلەرنىڭ تەسلىم بولۇشىڭىزلەرنى تەلەپ قىلىمىز دېيىلگەن ئىدى. پىدائىيلار بۇ تەكلىپنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر قىسمى تەسلىم بولۇش، بىر قىسمى تەسلىم بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن ئىدى. مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرە قىلىشىپ ئاخىر تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولۇشتى. ئۇزۇن ملتىقنى تاپشۇرىدۇ، تاپانچا قىلىچلار ئۆز قولىدا قالىدۇ دەپ توختام قىلىشىپ 1 – قەدەمدە ئۇزۇن ملتىقلارنى تاپشۇرۇپ بەردى. زىنخۇيچىلار ئۇزۇن قوراللارنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن تەسلىمچىلەرنى قورۇ ئالدىدىكى سەيناغا تىزىلدۇرۇپ، يان قورال بىلەن قىلىچلارنى

يىغىۋالدى. بۇندىن بىر سائەت ئىلگىرى ئۆزلىرىنى ئارسلاندەك ھېس قىلىشقان پىدائىيلار ئەمدى قوراللىرىدىن ئايرىلىپ سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بىچارە بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ ھەسرەت چېكىشتى. زىخۇيچىلار ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ ئارغامچا بىلەن باغلاشقا باشلىدى. باشلىق دەپ ھېسابلانغان 18 نەپەر كىشىنىڭ پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىپ يېڭى شەھەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. قالغان قىرىق ئادەمنى باغلاپ داۋتەي يامۇلى تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. بۇلار ھەرقانچە پۇشايمان، نادامەت قىلسىمۇ ۋاقتى ئۆتكەن ئىدى.

يېڭىشەھەر تەرەپكە ھەيدەپ كېتىۋاتقان 18 كىشى قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلگەندە كەچ قاراڭغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئادەم ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ قاچتى. قاراڭغۇدا زىخۇيچىلار بايقىمىغان ئىدى. بۇ ئىككىيلەن قوراللىقلار ئۆزاپ كەتكەندىن كېيىن كۆۋرۈك دالدىسىدا دەملىرىنى ئېلىۋېلىپ تاڭ ئاتقۇچە قېچىپ پاختەكلە يېزىسىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ ئامان تاپتى. قالغانلىرى شۇ كېچىسى يېڭى شەھەردە ئېتىپ تاشلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابلا كەتمەننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم دېگەننى قورال – ياراق ئۇستىسى ھاۋاز چوڭ دېگەن كىشى مېنىڭ تۇغقىنىم دەپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

مافۇيۇەن پىدائىيلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن پىدائىيلارغا ياردەملەشكەن « ئامىن » چىلارنى پىلىموتقا تۇتۇپ جازالىدى ۋە ئۈچ كۈنلۈك ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، بارلىق قوشۇنلىرىغا بۇلاڭ – تالاڭ قىلىشقا، ئۇچرىغاننى ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. شەھەر كوچىلىرىغا پىت

تارىغاندەك تاراپ كەتكەن زىخۇيچىلار بىرىنچى قەدەمدە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىنى بۇلاشتى، 2 – قەدەمدە ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئۇچرىغان ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە چاناپ تاشلىدى. ئۆيلەرنى بۇلىغاندا دەسلەپ يېڭىراق ئۆيلەردە بۇلاڭچىلىق قىلغان بولسا، بارا – بارا ئومۇمىيۈزلۈك بۇلاڭ – تالاڭ قىلدى. بۇلىغان ماللىرىنى كەمبەغەللەرگە كۆتۈرگۈزۈپ ئېلىپ كەتتى، ئىشى تۈگىگەندە ئۇلارنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى، ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئۆي ئىگىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئالتۇن – كۈمۈش، پۇل، سائەت بەر دەپ قىستىدى. خەلقلەر ئۆزىدە بار نەرسە كېرەكلەرنى بېرىپ تۈگىگەن چاغدا يەنە قانائەت قىلماي، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ تۈۋرۈكلەرگە بېسىپ ئۇردى. تۆمۈر قىزىتىپ ياقتى. پۈتۈن شەھەرنى دات – پەرياد قاپلىدى. بىرىنچى قېتىم كىرگەنلەر بۇلاپ – تالاپ چىقىپ كەتسە، 2 – قېتىم كىرگەنلەر ئاۋالقىلارنىڭ كىرگەنلىكىنى ھېسابقا ئالماي يەنە قىينايتتى. قالغان، قاتتقانلارنى ئالاتتى. 3، 4 .... قېتىم كىرگەنلەرگە بەرگىدەك نەرسە قالمىغاندا ئۇلار ئاچچىقىنى جازالاش بىلەن چىقىراتتى. ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى. بۇ ۋەھشىيلەر بۇلاڭ – تالاڭ قىلىپلا قالماستىن، خوتۇن – قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. خوتۇن – قىزلارنى ئاتا-ئانىلىرىغا، ئەرلىرىگە كۆرستىپ تۇرۇپ، نومۇسىغا تەگدى. بۇ قىرغىنچىلىقتا يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ قوشۇنلىرىمۇ قاتناشقان ئىدى، 6 ئايلاپ يېڭى شەھەر مۇھاسىرىدە قاملىپ ئازاب چەككەن بۇ ئەسكەرلەر قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان شەھەر خەلقىدىن ئۆچ ئېلىپ دەھشەتلىك قىرغىن يۈرگۈزدى.

تالاڭ ئېتىشقا يېقىن ھەرقايسى ئۆيدە ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى ئىشىك ئالدىغا ئەچىقىپ ياتقۇزۇپ قويىدى. بۇ 2 – كۈنى كېلىدىغان ۋەھشىيلەرنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن چارە ئىدى. بۇ چارە راستتىنلا ئۈنۈملۈك بولدى. 2 – كۈنى كەلگەن بۇلاڭچىلار ئۆلۈك بار ئۆيگە كىرمەي قايتىپ كېتىشتى. دەھشەتلىك 6 – فېۋرال كۈنى ئەنە شۇنداق خەۋپلىك ئۆتكەن بولسىمۇ پاجىئە تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. شۇ كېچىسى تالاڭ يورۇغۇچە ھەممە ئەتراپتىن مىلتىق، پىلىموتلار ئېتىلىپ تۇردى. 7 – فېۋرال كۈنى بۇلاڭ – تالاڭ يەنە داۋام قىلدى. لېكىن ئەھۋال تۈنۈگۈنكىدەك دەھشەتلىك بولمىدى. چۈنكى بۇ كۈنى ماجەنساڭنىڭ ئادەملىرى يوق ئىدى، ئۈنىڭ ئۈستىگە بۇلايدىغانغا پەقەت ئەسكى يوتقان مازلىرى، تەكىيلەردىكى توزغاق سامانلارلا قالغان بولغاچقا ئەسكەرلەرگە ئانچە ئەپلىشىپ بەرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ قوي، كالا، ئاتلىرىنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلدى. 7 – فېۋرال كۈنى چۈش بولغاندا تۈنۈگۈن تەسلىم بولغان پىدائىيلارنى داۋتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا تىزىپ كەلدى. بۇلارنى ئوراپ ماڭغان قوراللىق قوغدىغۇچىلار سەينانىڭ ھەممە تەرىپىگە يېيىلدى. ئەسىرلەرنى جاۋبى تامنىڭ ئالدىغا ئىككى قاتار قىلىپ تىزدى، بۇگۈن بۇلارغا جازا ھۆكۈم ئېلان قىلماقچى بولغان ئىكەن، ئاز ئۆتمەي، ئاز ئۆتمەي شەھەر ھاكىمى ( شەنجاڭ) ياقۇپ بەگ لاۋسى بېشىدا قارا پوسما، ئۈچىسىدا قارا لەمبۇقتىن تىكىلگەن لاتا خەي ....... كىينىگەن ھالدا غەربىي يولدىن كىرىپ كەلدى، ئاندىن قەشقەر شەھىرىنىڭ قورچاق « چىڭپاڭ سىلىڭى » ئىبراھىم لوزۇڭ باشچىلىقىدا شەھەرنى مۆتىۋەرلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. بىر چاغدا يامۇل ئىچىدىن مافۇيۈەن چىقىپ

كەلدى، يۇرت كاتتىلىرى ئوردىدىن تۇرۇپ سالام بېرىش ئۈچۈن قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى. مافۇيۈەن كۆپچىلىككە سۆزلەپ: خەلقنى بۇلايدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزىدىغان، ئىسيانچىلارغا قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بۇلارنى تىلەشنىڭ ئۆزىمۇ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۆزبېكلەرنىڭ پېشۋاسى ئەھرارخان تۆرەم ئوردىدىن تۇرۇپ قايتا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇلارنى ياخشى ئادەم قىلىش ئۈچۈن كاپالەت بېرىمەن دېۋىدى، ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا بىر بۇيرۇق بىلەن پىدائىيلارنى پىلموتقا تۇتۇپ قىرىپ تاشلىدى، بۇ قىرىق كىشىدىن ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىرسى ئۆلۈكلەر ئارىسىدا يېتىۋېلىپ كېيىن قېچىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى، قالغان كىشلەر قانغا بويىلىپ تۆگەشتى.

ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى ئۈچ كۈن دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ 2 – كۈنى ( 7 – فېۋرال) قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن بۇيرۇق ئېلىپ تاشلاندى. كوچىلارغا ئادەم چىقىرىپ ئەل ئامان دەپ جاكا سالدۇردى، ئەسكى داسلارنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ، ئاۋاز چىقىرىپ، ھەربىي ھالەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى، بۇلاڭ – تالاڭنىڭ ئەمدى توختىغانلىقىنى ئۈنلۈك ئاۋازلار بىلەن جاكارلىدى .

8 – فېۋرال كۈنى كوچا – كوچىدىن ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ تاۋۇتلىرى چىقىشقا باشلىدى، بامدات نامىزىدىن باشلانغان ئۇزىتىش چاشكا ۋە پېشىنگىچە يېرىم كۈن داۋام قىلدى. ئۆلگەن ئۆلۈكلەر كۆپ بولغانلىقتىن پاششاپلار ھارۋىلارغا قاتلاپ بېسىپ گۆرۈستانلىقلارغا ئاپىرىپ چوڭ ئورەك كولىتىپ ئۆلۈكلەرنى ئۈستى – ئۈستىگە قويۇپ كۆمۈپ تاشلاشتى،

شەھەردىكى ئۆلۈكلەرنى ئۇزىتىش، تاۋۇت كۆتۈرۈش باھانىسى بىلەن تىرىك قالغان ئەركەكلەر شەھەر تېشىغا چىقىپ كەتتى.

7 – فېۋرال كۈنى قەشقەر كونىشەھەردە ماجولۇ يىلى ۋە مافۇيۈەن تەرىپىدىن قىلىنغان بۇ قەتلىئامدا ( چاپ – چاپتا) ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى زادى قانچە؟ بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن شۋېت مىسسىئونېرلىرى كوچىلارغا ئادەم چىقىرىپ ئۆلۈكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تىزىملىغان ئىدى. شۇلارنىڭ تىزىملىغان سانى ھازىرغىچە ئاساسلىق سان بولۇپ كەلمەكتە، شۋېت ئادەملىرى ھېيتگاھ مەيدانىدىن ئۆتۈپ شەرقىي يولدىكى زەيكەش مەھەللىسگە يېتىپ كەلگۈچە تىزىملانغان ئۆلۈكلەرنىڭ سانى سانى 4508. بۇ سان ئېنىق سان ھېسابلىنىدۇ. 1956 – يىلى يازدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن كەلگەن ئۇيغۇر سايرانى باشچىلىقىدىكى ئۆمەكلەر قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ زالىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچقان ئىدى. يىغىندا 7 – فېۋرال كۈنى قەشقەردە ماجولۇ يىلى قىسىملىرى يۈرگۈزگەن قەتلىئام توغرىسىدا سۆز بولغاندا يىغىنغا قاتناشقان بارات ئاخۇن خەلپىتىم ( توكۇر) شۋېتلەر تىزىملىغان 4508 ئادەمنىڭ سانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بەزەنلەر مۇلاھىزە قىلىپ شۇ قېتىمقى قىرغىندا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 6 مىڭغىچە دەپ پەرەز قىلىشتى. ھەر ھالدا شۋېت ئادەملىرىنىڭ تىزىملىغان سانى بىرقەدەر ئەمەلىي سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر شەھەردىن شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەرقانداق ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ.

مەنبە: شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 15- سان

( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1984 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى)

# ئىستىقبال سەۋدالىرى

## ( مەھمۇت سىجاڭنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە)

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

تورغا يوللىغۇچى: niyazdixan

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=87

1937 ـ يىلى شىنجاڭ خەلقى بولۇپمۇ قەشقەر خەلقى ئۈچۈن تازىمۇ ياراشمىغان بىر يىل بولدى، ھاۋانىڭ باشقا يىللارغا قارىغاندا قاتتىق سوغۇق بولۇشى خەلق ئاممىسىغا ئېغىر كۆلپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، كىشىلەر قەلبىنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان خەۋەرلەر كەينى ـ كەيندىن تارقالدى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ بىرى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئاتلىق قىسىم 6 ـ دېۋىزىيە قوماندانى مەھمۇت سىجاڭنىڭ جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىشى ئىدى. مەھمۇت سىجاڭ ئۈرۈمچىگە كېتىپ قايتىپ كەلمىگۈدەك دېگەندەك خەۋەرلەر بىردىنلا قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك بولدى. گەرچە بۇنداق چاقىرتىلىشنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ سىجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدىغانلىقى ئاشكارىلانمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھەربىي قوشۇنىدىن ئايرىلىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر خىل شۇملۇقنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى،

ئۈنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن كىشى مۇشۇنداق چاقىرتىلىش ئارقىلىق قەتلى قىلىنغانىدى. خەلق ئۆزلىرىگە " تېرەك " دەپ تونۇپ كەلگەن كىشىلەردىن 1 ـ قېتىمدا، 1 ـ بىرىگادىدىن سالىھ لۈيجاڭ بىلەن مۇئاۋىن لۈيجاڭ ھەمدەم بەگ ھاجى، 2 ـ بىرىگادىدىن لۈيجاڭ پازىل بەگ بىلەن مۇئاۋىن لۈيجاڭ توختى ئاخۇن قاتارلىقلار مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھەربىي قوشۇندىن ئايرېۋېتىلگەنىدى. بۇ تۆت كىشى قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۈرەش يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغۇچىلار بولۇپ، قۇمۇلدىن تارتىپ قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ ۋادىدا زالىم جىن شۇرىن ئىستىبداتىغا قارشى ئۇرۇشلاردا، شۇنىڭدەك، باسقۇنچى ماجوڭيىڭغا قارشى كۈرەشلەردە جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغان ھەمدە قوزغىلاڭچى كۆچلەرنى باشلاپ، خەلقنىڭ نومۇس ۋە ئىپتىخارىغا مۇناسىۋەتلىك زورلۇق زومبۇلۇقلارغا دادىل قارشى تۇرغان قەھرىمانلار ئىدى.

قۇمۇل قوزغىلىڭىنى قوزغاپ چىققان باش ئاۋانگارتلاردىن سالىھ دورغا بىلەن پازىل دورغا ۋە تۆمۈر سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتاقلىق سەركەردىلەردىن بولغان ھەمدەم بەگ ھاجى بىلەن توختى ئاخۇن 6 ـ دېۋىزىيە قۇرۇلغاندا يۇقىرىقى ئىككى بىرىگادىنىڭ بىرىگادىرلىق خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغانىدى، لېكىن بۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جەڭچىلەر ماجوڭيىڭ باندىتلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئىككى بىرىگادىدا پەقەت بىرنەچچىلا ئادەم قالغانىدى.

1936 ـ يىل 3 ـ ئايغا كەلگەندە، بۇ " قورچاق بىرىگادا " ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇ تۆت باشلىق مەمۇرىي خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ

كىشلەردىن قۇمۇللۇق سالىھ دورغا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋالىيلىققا تەيىنلەندى، قۇمۇللۇق پازىل دورغا پىچان ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىندى، توقسۇنلۇق مۇئاۋىن لۈيجاڭ ھەمدەم بەگ ھاجى شايار ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىندى، توقسۇنلۇق مۇئاۋىن لۈيجاڭ توختى ئاخۇن قەشقەردە قۇرۇلغان قارا كالتەكلىك پولىتسىيە ( ساقچى) ئىدارىسىگە باشلىق قىلىندى، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ كىشلەر شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ كېتىلدى.

2 ـ قېتىمدا دېۋىزىيىنىڭ قەھرىمانى بولغان پولات تۇەنجاڭ چاقىرتىپ كېتىلدى. پولات تۇەنجاڭ تۇرپانلىق كىشى بولۇپ، تۇرپان قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن خاڭدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ تۇرپاندا ئىنقىلاب پارتلىغاندا، ئىشچىلارنى تەشكىللەپ خاڭنى ئىدارە قىلغۇچى ئەزگۈچىلەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ غەلبە قازانغان ۋە تۇرپاندىكى بارلىق ئۇرۇشلاردا، جىمساردىكى قانلىق كۈرەشلەردە بولۇپمۇ ماجوڭيىڭغا قارشى كۈرەشلەردە ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتكەندى. 6 ـ دېۋىزىيە تەشكىللەنگەندە ئۇ يەكەندە تۇرۇشلۇق پولكنىڭ باشلىقى بولغان ھەمدە ئالدىنقى سەپ ئاتالغان يەكەن دەرياسىنى قوغداشتا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندىغانىدى. 1936 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يەكەندىكى 34 ـ پولكتىن قەشقەردىكى 32 ـ پولكقا يۆتكىلىپ، بۇ پولكقا باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ قەشقەرگە يۆتكىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلىپ قوشۇندىن ئايرىۋېتىلدى.

3 ـ قېتىمدا، باش شتابدىن باش كاتىپ نىزامىدىن ئەپەندى، تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئەييۇپ بەگ، ھەربىي سوت باشقارما باشلىقى ئابدۇل

مۆمىن ھاجى، مۇئاۋىن باش شتاپ باشلىقى نىمتۇللا خەلپەت قاتارلىق كىشىلەر شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ كېتىلدى.

بۇلاردىن نىزامىدىن ئەپەندى كۇچارلىق بولۇپ، شۇ مۇھىتتىكى زىيالىيلاردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆمۈر سىجاڭغا ماسلىشىپ كۇچارنىڭ ئازاد بولۇشىغا كۈچ چىقارغان ھەمدە ئاقسۇ ( جام)، مارالبېشى ( تۇمشۇق) لاردىكى ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن، كېيىنكى كۈنلەردە قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭغا باش كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن.

ئەييۇب بەگ باي ناھىيىسىدىن بولۇپ، خەنزۇچە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ياش زىڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكى بىلىملىك كىشىلەردىن ھېسابلىناتتى، ئۇ ئۇلۇغچات قاتارلىق ناھىيىلەرگە ھاكىم بولغان كونا ئەمەلدارلاردىن بولسىمۇ، لېكىن سەبدىشى ياقۇپبەگ لاۋسىلارغا قارىغاندا ئاڭلىق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىنقىلابتا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە خوجا نىياز ھاجى قېشىدا جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت قوماندانلىق شتابىدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان، 1933 - يىل 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن، كېيىن 6 - دېۋىزىيىدە تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

بۇ پېشقەدەملەر ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلىپ كېتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن " يېڭى قانلار " بېكىتىلگەنىدى.

شەرت - شارائىتنىڭ ئۆز رايىغا مايىللىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شىڭ شىسەي 6 - دېۋىزىيىنى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەھمۇت

مۇھتىنى 6 ـ دىۋىزىيىدىن ئايرىۋېتىش يولىدا ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللاندى.

1 ـ قەدەمدە دىۋىزىيە باش شتاب ئاپپاراتىنى قىسقارتماقچى بولدى، مەھمۇت سىجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېڭىشەھەردىكى گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ چىقىشىنى، دىۋىزىيە شتابىنى گارنىزون قوماندانلىق شتابى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2 ـ قەدەمدە 6 ـ دىۋىزىيىگە قاراشلىق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ پولكلارنى 31 ـ،32 ـ،33 ـ، 34 ـ پولكلارغا ئۆزگەرتىپ، بۇ پولكلارنى 6 ـ دىۋىزىيە تەركىبىدىن ئاجرىتىۋەتمەكچى ياكى بولمىسا ئۆرۈمچىگە قاراشلىق بىۋاستە پولك ياكى مۇستەقىل پولك قىلىپ تەشكىللىمەكچى بولدى. شېڭ شىسەي بۇ ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر پولكقا تامغا ئەۋەتتى، بۇ تامغىلاردا " 6 ـ دىۋىزىيىگە قاراشلىق " دېگەن خەت ئېلىپ تاشلانغانىدى.

لېكىن مەھمۇت سىجاڭ بۇ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى چىقىپ، 6 ـ دىۋىزىيە تەشكىلىنى ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆرۈمچى دائىرىلىرى پولك تامغىلىرىنى قايتىدىن يەڭگۈشلەشكە ۋە دىۋىزىيە شتابىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىش مۇشۇ خىلدا بولغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي يەنىلا ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، دىۋىزىيە باشقارمىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى گارنىزون قوماندانلىق شتابىدىن بىر دەرىجە تۆۋەنلەتتى، كادىرلارنىڭ مائاشىنى بىر دەرىجە چۈشۈرۈۋەتتى، 1935 ـ يىلى يولغا قويغان قوشۇنلارنىڭ شتاتىنى رەتلەش چارىسىنى 1936 ـ يىلى يەنە قايتا

قوللىنىپ، بىرنەچچە خىل قىسمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ پولكتىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى 720 دىن 610 غا قىسقارتتى.

ئەمدى نۆۋەت مەھمۇت سىجاڭغا كەلگەندى. بۇ قېتىم مەھمۇت سىجاڭ ئۇرۇمچىگە كۆرۈنۈشتە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇلار بىلەن بەزى مەسىلەرنى مۇزاكىرىلىشىشكە چاقىرتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق چاقىرتىلىشتىن خەۋەر تاپقان قەشقەر خەلقى بۇ چاقىرتىلىشنىڭ كەينىگە قانداقتۇر بىر خىل شۇملۇقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى دەرھال پەرەز قىلىپ يەتتى ۋە بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى، خەلق ئىچىدە، شېڭ شىسەي مەھمۇت سىجاڭنى قەشقەردىن ئېلىپ كەتسە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ تەربىيىلىگەن ئادەملىرىنى بېكىتىپ، مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قوشۇنىنىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، يەنىلا بىز يامان كۈنگە قالىمىز دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر يامراپ كەتتى.

مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ 6 ـ دېۋىزىيىگە ئىشلەتكەن تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى بولۇپمۇ 6 ـ دېۋىزىيىنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان " كونا قوراللارنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ، يېڭى زامانىۋى قوراللارنى تاپشۇرۇۋېلىش " توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمايلا قالماستىن، بەلكى شېڭ شىسەينىڭ ئالدى بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ ئاندىن يوقىتىۋېتىشتەك سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىدى. قەشقەر خەلقى بۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىشتى. لېكىن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، چاقىرىق ـ تېلېگراممىلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئەۋەتىشكە باشلىدى،

خەلق بىر تەرەپتىن ئەندىشە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئاخىرى قەشقەر خەلقى ئۆز ئىشلىرىنى تاشلاپ كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى. نامايىشچىلار ئىچىدە ئىدارە جەمئىيەت ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتچىلەر، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ھۈنەرۋەن، كاسىپلار ھەتتا دېھقانلارمۇ بار ئىدى. نامايىشچىلار قوشۇنى ساھەلەر بويىچە رەتلىك تىزىلغان ھالدا، ئالدىن تەييارلانغان پلاكات ۋە بايراقچىلارنى كۆتۈرۈشۈپ باش شتاب ئالدىكى چوڭ سەيناغا كېلىپ، " مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىغا قوشۇلمايمىز! بۇيرۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن !! ...." دەپ توۋلىشاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇمباقلىرىنىڭ ساداسى، ئوقۇغان ناخشىلىرى، ئىدارە - جەمئىيەت خادىملىرىنىڭ شوئار سادالىرى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ " بىز ئۇنى بارغۇزمايمىز دەپ يىغلىغان يىغا ئاۋازلىرى سەينانى بىر ئېلىپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. " يۇمىلاق شەھەر "دەپ ئاتالغان بۇ قورغانچە ھەر كۈنى سەھەردە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا توپ - توپ بولۇپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن لىق تولاتتى، كىشىلەرنىڭ شوئار سادالىرى بۇ قورغانچىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرىۋېتەتتى. نامايىشچىلار قوشۇنى قەلئە دەرۋازىسىدىن كىرىپلا باش شتاب ئالدىغا كېلىپ، ئۇنلۇك ۋە قايغۇلۇق ئاۋازدا مەھمۇت سىجاڭغا كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى قىلىشاتتى، ئوقۇغۇچىلار بولسا " ئازادلىق يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قېنىمىز ..... " دېگەن مەزمۇندىكى غەزەللەرنى ئوقۇيتتى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۈن سېلىشىپ يىغلاپ كېتەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىرىدىكى لەۋھەلەر ئېگىز كۆتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭغا يېزىلغان " باغۋەنىنىڭ باغنى تاشلاپ كېتىشنى خالىمايمىز ......." دېگەن قۇرلار كۆزگە تاشلىناتتى.

ناتىقلارنىڭ ئاجايىپ بەدىئىي سۆزلەر بىلەن سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى جاراڭلايتتى. نۇتۇق ۋە شېئىر - دىكلاماتسىيەلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى يەنىلا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىشىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىدى، خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان كۈچلۈك ئەقىدە - ئىخلاسىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى .........

مەھمۇت سىجاڭ كۆپچىلىككە " مەن ھەربىي ئادەم، بۇ چاقىرىق ھەربىي بۇيرۇق، شۇڭا مەن بۇيرۇققا ئەمەل قىلىشىم كېرەك، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆزى ھەربىي قائىدە - تۈزۈم ھەم مېنىڭ بۇرچۇم، ۋەزىپەم. ئۇرۇمچىگە بارساممۇ پات يېقىندا قايتىپ كېلىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ مەندىن غەم قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق " دەيتتى.

بىراق خەلق مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۇرۇمچىگە كەتسە ھامىنى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ كەتمەسلىكىنى تىلەپ تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋالاتتى.

مەھمۇت سىجاڭ خەلققە تەسەللى بېرىپ: " سىزلەرنىڭ پىكىر تەلەپلىرىڭىزلارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلاي، بەلكى يۇقىرى پىكىر - تەلەپلىرىڭىزلارنى قوبۇل قىلىپ قالار، ئۇنىڭغىچە خاتىرجەملىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغايسىزلەر دەپ كىشىلەرنى قايتۇراتتى. نامايىشچىلار يەنە تەلەپ خەتلىرىنى يېزىپ كېلىپ، ئۇنى مەھمۇت سىجاڭغا بېرىپ بۇنى سىجاڭنىڭ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى، قورغانچىدا ئۇنلۇك شوئارلار توۋلىنىپ تۇراتتى. نامايىشچىلار يەنە ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىپ ۋالىي

بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋالىيغا مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈلگەن خەتلەرنى سۇنۇپ، ۋالىينىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، بەزىلىرى مەپە، ھارۋىلىرى بىلەن، بەزىلىرى ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن، كۆپ ساندىكىلىرى بولسا قاتار تىزىلغىنىچە پىيادە مېڭىپ يېڭىشەھەرگە باراتتى ـ دە، گارنىزون قوماندانى لىيۇ بىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا يېزىپ كەلگەن نارازىلىق خەتلىرىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭدىن مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۇرۇمچىگە بارماسلىقىنى تەلەپ قىلىشاتتى ھەمدە بۇ يەردىن قايتىپ تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىپ ئۇرۇمچىگە نارازىلىق تېلېگراممىلىرىنى ئەۋەتىشەتتى.

بۇنداق نارازىلىق نامايىشلار قەشقەرنىڭ كونا شەھەر، يېڭىشەھەر، ناھىيىلىرىدە ئەۋج ئېلىپ قالماستىن، بەلكى ئاتۇش، پەيزىۋات، يېڭىسار ھەتتا يەكەن، مەكىت قاتارلىق جايلاردىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى، پۈتۈن يۇرت كىشىلىرى قوزغىلىپ يولنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، ئات ـ ئېشەك، ھارۋىلىرى بىلەن توپ ـ توپ بولۇپ قەشقەر شەھىرىگە كېلەتتى، بۇ ھەرىكەت يېرىم ئايغىچە داۋام قىلغانىدى. كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەردىكى ئەمەلدارلار ئەمدىلا بىر توپ نامايىشچىلار قوشۇنىنى ئۇزىتىپ بولسا، يەنە بىر توپى كىرىپ كېلەتتى، ئەمەلدارلارنىڭ بۇ كۈنلەردىكى پۈتۈن ۋاقتى كەلگەن نامايىشچىلارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۇلارغا ۋەدە بېرىشلەر بىلەن ئۆتەتتى.

قەشقەر شەھرىدىن ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن نارازىلىق تېلېگراممىلىرى ئۇرۇمچى دۇبەن مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن دۇبەن شېڭ شىسەي چارىسىز قېلىپ، ئاخىرى قەشقەر خەلقىگە مەھمۇت سىجاڭ ھازىرچە كەلمىسۇن دەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

گەرچە قەشقەر خەلقىنىڭ تەلەپلىرى بىر قەدەر ئىجابەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېلېگراممىدىكى "ھازىرچە كەلمىسۇن " دېگەن جۈملە مەھمۇت سىجاڭنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ كېتىدىلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا خەلقنىڭ ئەندىشىسى تۈگىمىگەنىدى.

بۇ ئەندىشە شۇنىڭ بىلەن يەكۈنلەندىكى، قانخور شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن مەھمۇت سىجاڭ ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ( جۈمە) ۋەزىيەتنىڭ سىقىشى بىلەن ۋەتەنىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق كەلگۈلۈك مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە كەلدى، ئۇلار ھۆكۈمەتكە ۋە ھەربىي بۇيرۇققا قارشى چىققۇچىلار دەپ قارىلىپ ئومۇمیۈزلۈك جازاغا تارتىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چەت ئەلگە ماڭغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ قولغا ئېلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۈرمە مەيدانىدا ئېتىلىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە تىرىك ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، كۆپ قىسمى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى.

ئۇلار گەرچە فاشىستلىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ئەركىنلىكى بوغۇلۇپ، كىشلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىپ، بۇ دۇنيادىن ئىچىنىشلىق ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبال سەۋداسىدا قىلغان كۈرەشلىرى تارىخىمىزدا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

مەنبە " شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ژۇرنىلى، 1997 - يىل 3 - سان.

# غېنى باتۇرغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار

تورغا يوللىغۇچى: niyazdixan

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=211

غېنى باتۇر تارىخىمىزدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى خەلق ئارىسىغا رىۋايەت سۈپىتىدە تارقالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك يازما ماتېرىياللار تولۇق ۋە تەپسىلىي ئەمەس.

ھەتتا ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرۇلۇق بىرنەچچە خىل قاراشلار بار.

شېرىپ نىياز خۇشتار ئەپەندى يازغان « شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابتا ئۇنى، 1953-يىلغىچە لەنجۇدا دەم ئېلىپ، 1953-يىلنىڭ ئاخىرى قايتىپ كېلىپ، 1956-يىلنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، 1990-يىللاردا ئالمۇتىدا ۋاپات بولدى دېيىلگەن.

يېقىندا ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرىنى ئوقۇۋېتىپ بۇنىڭغا ئوخشمايدىغان مەلۇماتنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ غۇلجىدا قالغان ئايالىنىڭ ( مىللىتى قازاق، ئىسمى جىبەك ئاباس قىزى) دېيىشىچە 1952-يىلى ھۆكۈمەت غېنى باتۇرنى لەنجۇغا ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ( غېنى باتۇر

لەنجۇغا مۇشۇ ئايالنى بىرگە ئېلىپ بارغان) بولۇپ ، ئۇلار لەنجۇدا 1952-يىلدىن 1954-يىلى 10-ئايغىچە تۇرغان بولۇپ لەنجۇدا بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان بولۇپ ، يارمەمەت دەپ ئىسىم قويغان. غېنى باتۇر 1955-يىلى 5-مايدا سوۋېتتىكى چوڭ ئايالىنىڭ پاسپورتى بىلەن ئالمۇتىغا چىقىپ كەتكەن ( سوۋېتتا بىر ئەرگە ئىككى خوتۇن بولۇشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقتىن بۇ ئايالى بالىسى بىلەن قاپتىكەن). ئايالى قېپقېلىپ 1999-يىلى 11-ئايدا ۋاپات بوپتۇ. بالىسى قورغاس ئېغىزىدا  هامماللىق قىلىدىكەن.



## غېنى باتۇر

غېنى باتۇرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى 1901-يىل (1902-يىل؟)، ۋاپات بولغان ۋاقتى 1981-يىلىكەن. ئۇنى تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قارىساق بىلىۋالالايمىز.

# غېنى باتۇرنىڭ سەپداشلىرى


فاتىخ باتۇر


خەمت باتۇر


ئەكبەر باتۇر


هوشۇر باتۇر


نۇرۇم باتۇر


رەفىق باتۇر



ئوگدىن ئوسمان باتۇر، هوشۇر باتۇر، نۇرۇم باتۇر



غېنى باتۇر پارتىزان سەپداشلىرى بىلەن بىللە



"ئالته ئوغرى" ۋە باشقا سەپداشلىرى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە



غېنى باتۇرنىڭ ياشانغان مەزگىلى. ئوتتۇرىدىكى قالپاق كىيگەن كىشى غېنى باتۇر





باتۇرنىڭ نامىزى



غېنى باتۇرنىڭ قازاقىستاندىكى ھەيكىلى




غېنى باتۇرنىڭ قەبرىسى

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

شېرىپ نىياز خۇشتار « شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر »

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل 1-ئاي 1-نەشرى.

ئابدۇسەمەت ئابدۇللا « ئىككى پارچە ئەسلىمە » ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى 13-سان

# شىنجاڭ پادىشاھى شېڭ شىسەينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

سەي جىن سوڭ

تورغا يوللىغۇچى: turan tekin

تورددىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=171

1949- يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭ بىلەن بىللە تەيۋەنگە كېتىپ «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى» دە شاگجياڭ دەرىجىلىك مەسلىھەتچى، «مەمۇرى پالاتانىڭ چوڭ قۇرۇلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى پىلانلاش كومىتېتى» غا ئەزا بولدى. ئۇ بىر مەزگىل سودىگەرچىلىك قىلىپ موگو، بېلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ باقتى، بولكىخانا ئاچتى، لېكىن ھېچقايسىسىدا سودىسىنى ئاقتۇرالماي، ئاخىر ئۆيىدە كومپارتىيىگە قارشى ماقالىلەرنى يېزىپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقى، باشقىلارنى قەستلەيدىغان مىجەزى شۇ چاغلاردىمۇ تۈگىمەي، شىنجاڭدا ئىشلەپ تەيۋەنگە قېچىپ كېلىۋالغان ئادەملەرنى بۇ كوممۇنىست، دەپ يۇقىرىغا چېقىپ يۈرۈپ كىشىلەرنىڭ غەزىپىگە قالدى. 1953- يىلى گۇاڭ لۇ، گۇ گېگيى، سوڭ نيەنسى، لىن جيۇڭ قاتارلىق 15 ئادەم جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. شۇ يىلى 3- ئايدا تەيۋەندىكى ئەبەيدۇللا قاتارلىق 114 كىشى ئەرز سۇنۇپ، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. 23- كۈنى شېڭ شىسەي ئۇلارغا

رەددىيە بېرىپ: مەن دۆلەتنىڭ ئالدىدا يەرگە قارايدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى ۋە يازغان نەرسىسىنى ۋەكىللەرگە تارقىتىپ بەردى. ئۇ مۇشۇنداق نارازىلىقلارنىڭ ئىچىدە يەنە جياڭ جيېشىنىڭ قوغدىشى بىلەن ئامان-ئېسەن ئۆتتۈپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوردېنلارغا، قۇرۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىز ئارمىيە ئوردېنىغا ئېرىشتى.

شېڭ شىسەي تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن، «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئون يىلدىن ئەسلىمە»، «قانداق قىلغاندا چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىش بۇرچىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىغىلى بولىدۇ»، «كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزم دەۋرىنىڭ ئۆتمۈشى، دېموكراتىيە ئەسرىنىڭ يىتىپ كەلگەنلىكى» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى. ئۇ تەپ تارتماستىن: ‹ «ئەسلىمە» ئىنتايىن مۇھىم كىتاب، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغانلار بۇ كىتابنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىشلىرى كېرەك، ئۇ مېنىڭ ستالىن ۋە ماۋ زېدوڭ بىلەن قىلغان بىۋاستە كۆرەشلىرىمنىڭ تارىخى› دېدى. ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەينىڭ كىتاب يېزىپ، ماقالە يېزىپ كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش، چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەرغىب قىلىشتىن باشقا قىلغۇدەك ئىشى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچى بەكمۇ پۇشاتتى.

ئۇنىڭ ئەمدى ئۇنداق چوڭ ئىشلارنى قىلغۇدەك ئەھۋالى يوق ئىدى، قولىدىنمۇ كەلمەيتتى، ئۆرۈمچىدىكى بوغدا چوققىسىنى ئەسلەپ، سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۇزۇندىن بىرى مۇستەقىل پادىشاھ بولۇپ ياشىغان ئىدى. ھەربىي دەرىجىسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە شاڭ جياڭى بولسىمۇ، لېكىن خۇاڭ پۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇمىغان. ئۆلكە دەرىجىلىك ئەمەلدار

بولسىمۇ، لېكىن مەركەزدىكى ئەمەلدارلار سورۇنى بىلەن ئاز باردى-كەلدى قىلغان ئىدى. شۇڭا تەبىيىگە كەلگەندىن كېيىن كۆپ ئادەملەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلالمىدى. ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ بېرىش-كېلىش قىلغان ئادەملەرمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭدىن قاچتى. شۇ سەۋەبلەردىنمۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە يېقىن ئۆتكەندىغان بىرمۇ دوست - بۇرادەرلىرى بولمىدى.

بۇ دۇنيادىن دېرەكسىز يوقاپ كېتىشۋاتقاندەك ياشاۋاتقان تۇرمۇش ئۇنى تېخىمۇ غەمكىن، خەقلەردىن تېخىمۇ قاچىدىغان قىلىپ قويغاچقا، چەت بىر يەردىن ئۆي ئېلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇۋاتقىنى خوتۇنى بىلەن ئەسلىمىسىلا ئىدى. ئۇندىن باشقا كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىشۋاتقان يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى ئىدى. ئۇنىڭ توختىماي بېشى ئاغرىيتتى، يۈرىكى سالاتتى، پۇت-قوللىرى كۆيۈشەتتى. بىر قېتىم قىسقا ۋاقىت كۆزى كۆرمەسمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قان – تومۇر كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا دورا بىلەن داۋالىنىشتىن باشقا ئۆزىنى بىر خىلى تۇتۇشنى، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئويلىماسلىقنى ئېيتتى.

شېڭ شىسەينىڭ تەيۋەندە تۇغقانلىرى يوق ئىدى. ئانىسى بىلەن سىڭلىسى چوڭ قۇرۇقلۇقتا قالغان ئىدى. تەيۋەنگە بىللە ئېلىپ كەلگىنى ئىككىنچى ئىنىسى شېڭ شىيىڭ، بەشىنچى ئىنىسى شېڭ شىجىلا ئىدى. چوڭ ئوغلى كې جىڭ، ئوتتۇرانچى ئوغلى كې چىڭ يېنىدا ئىدى. چوڭ قىزى كې چىن، كەنجى ئوغلى كې ۋېن ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى. شېڭ شىسەي ئىنىلىرى بىلەنمۇ كۆپ باردى-كەلدى قىلىشمايتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى «ئاۋام گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى چېن جىيىڭ بىلەن يىلدا بىر – ئىككى قېتىم

كۆرۈشۈپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر پىكىر بار ئىدى. چېن جىيىڭ ئۈرۈمچىگە ئۈچ قېتىم كەلگەن. شىنجاڭنىڭ 1938- يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئەھۋاللار يېزىلغان، قىممىتى بار «شىنجاڭدا كۆرگەنلىرىم» ناملىق كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب شۇ چاغدا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان ئىدى.

1970- يىلى 7- ئاينىڭ 13- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شېڭ شىسەي ئۆز ئۆيىدە تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، تەيبېي شەھىرىدىكى ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 76 يېشىدا ئۆلدى. شۇ چاغدا يېنىدا خوتۇنى چيۇ يۈفاڭ، ئوتتۇرانچى ئوغلى كې چىڭلار بار ئىدى. ئەتىسى ئۇنىڭ جەستى ئامېرىكىدىكى قىزى كەلگۈچە تەيبېي شەھىرى مىنچۈەن كوچىسىدىكى جەسەتخانىغا قويۇپ تۇرۇلدى.

8- ئاينىڭ 2- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە ئائىلىسىنىڭ، سائەت 9 دا دەپنە كومىتېتىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. جياڭ جيېشى گۈلچەمبىرەك ئەۋەتتى. سابىق غەربىي شىمال ئارمىيە — ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو جىچياۋ قاتارلىقلار ئۇنىڭ جەستى ئۈستىگە دۆلەت بايرىقى ياپتى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنى 7- ئاينىڭ 31- كۈنى «زۇڭتۇڭ» جياڭ جيېشى بىلەن «مەمۇرى پالاتا» باشلىقى يەن جياگەن «ساداقەت مۇكاپاتى» بىلەن ئۇنى مۇكاپاتلىغان ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ جەستى تەيبېي شەھىرى شىمالىي ياڭ مىڭشەن تېغىدىكى 1- ئومۇمى قەبرىستانلىقنىڭ 12- رايونىغا كۆمۈلدى. 16 يىلدىن كېيىن خوتۇنى چيۇ يۈفاڭ نيۇيوركتا ئۆلدى.

# شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يوشۇرۇن ئالاقىسى

يازغۇچى: خې لىبو

تورغا يوللىغۇچى:herisman

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=146

مىنگو مەزگىلىدىكى شېڭ شىسەي «شىنجاڭ خانى » دېگەن نام بىلەن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. ئۇ شىنجاڭنى كومپارتىيە، گومىنداڭ بىلەن بىرگە «جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ سىياسىي گۇرۇھ »، ھەممە ئۆزىنى كومپارتىيە، گومىنداڭ رەھبەرلىرىدىن باشقا «ئۈچىنچى چوڭ داھىي » دەپ ئاتىغان. شېڭ شىسەي يەنە ئۆزىنى ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل، ماۋ زېدۇڭ، جياڭ جيېشى قاتارلىقلار بىلەن بىر ئورۇندا قويۇپ « دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەش لىنىيىسىدىكى ئالتە داھىي » دەپ ئاتىۋالغان.

ج ك پ نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سابىق ۋەكىلى يولداش دېڭ فا شېڭ شىسەيگە مۇنداق باھا بەرگەن « شېڭ شىسەينىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەلۋە،

ئاچكۆز مىللىتارىستقا، ئىدىيىسىنى يەرلىك خاقانغا ، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشىنى قۇترىغان چىلبۆرىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ ».

ئەينى يىللاردا، كىشىلەر ئۇنى «شىنجاڭ خانى » دەپ ئاتىغان، ئۇ شىنجاڭغا 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولغانلىقتىن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر مەھەل « يېقىن مۇناسىۋەت »نى ساقلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بېقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتكەن.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاش

شېڭ شىسەي 1892- يىلى فېڭتيەننىڭ كەييۈەن شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ياپونىيە توكيو مېجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىدا ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتامانى گو سۇڭلىڭنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. 1927- يىلى، شېڭ شىسەي ياپونىيىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، 1930- يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا كېلىپ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ جەڭ ئىلمى باش مەشقاۋۇللىقىغا تەيىنلەنگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ شەرقىي يول باندىت

تازىلاش قىسمىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، تۈرلۈك جەڭلەردە ئۇدا غەلىبە قىلىپ، ئابرۇيى يىلمۇ يىل ئۆسكەن. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەينى يىللاردىكى رەئىسى جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان 1928- يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە قۇل قىلىشى سەۋەبىدىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى ۋە قارشىلىقىنى كۈچەيتىۋەتكەن. بىر قىسىم يەرلىك ھۆكۈمرانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جىن شۇرېن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇۋالغان.

1933- يىل 4- ئاينىڭ 12- كۈنى شىنجاڭدا « 12- ئاپرېل » سىياسي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن. جىن شۇرېن ئالدىراپ - تېنەپ ئۈرۈمچىدىن قېچىپ چىققان. شۇ ۋاقىتتا قولىدا بەلگىلىك ئەسكىرى كۈچى بار شېڭ شىسەي ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق دۇبەنلىكىگە، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلگەن. شۇ يىلى 12- ئايدا، شېڭ شىسەي ساتقۇنلۇق قىلىشنى پىلانلاشقا چېتىشلىقى بار دېگەن نام بىلەن ليۇ ۋېنلۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى نەزەربەند قىلىپ، ليۇ ۋېنلۇڭنى ئىستېپا بېرىشكە قىستاپ، كېيىن قېرى بيۇروكرات جۇ رۇيچىنى ئۆلكە

رەئىسلىكىگە كۆرسەتكەن. 1934- يىل 3- ئايدا جۇ رۇيچى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن. شېڭ شىسەي سىياسىي ۋە ئەسكىرى ھوقۇقنى بىراقلا ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭغا بولغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى باشلىغان.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتى ھاكىمىيەت داۋالغۇپ تۇرغان مەزگىل بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەت ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى رايونلارنىلا كونترول قىلىپ تۇرغان. ئەينى ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا يەنە شىمالىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ ياتقان ما بۇفاڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ما جۇڭيىڭ ۋە ئىلىنى ئىگىلەپ ياتقان جاڭ پېيۈەن قاتارلىق ئىككى كۈچ شېڭ شىسەي بىلەن داڭقان پۈتى شەكلىدىكى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئەسكىرى كۈچى شېڭ شىسەينىڭكىدىن كۆپ بولۇپ، ئىككى كۈچنىڭ ھەر ۋاقىت بىرلىككە كېلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. بىر قىسىم يەرلىك كۈچلەرمۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش پۇرسىتىنى كۈتمەكتە ئىدى.

شېڭ شىسەي ئەسلىدە گومىنداڭغا تايىنىپ شىنجاڭنى ئۆز - ئالدىغا ئىگىلىۋېلىش كويىدا يۈردى ، ئەمما نەنجىڭ ھۆكۈمىتىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى كونترول قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈۋاتقان ئىدى. شېڭ

شىسەي ئىلگىرى ياپونىيىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ياپونىيىگە تايىنىش يولىدا ماڭمىغان، چۈنكى ئۇ شىنجاڭغا قوشنا دۆلەت ـــ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلەتتى، شۇنداقلا يەنە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ھەر ۋاقىت شىنجاڭغا كىرىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. 1920 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ ئاقلارنى يوقاتتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەپۇ قىلىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسلىق تەدبىرى قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا توختىماي خادىم ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە ئۇلاردىن ياردەم سورىغان. شېڭ شىسەي ئۆزىمۇ كوممۇنىزمغا ئىشىنىدىغان، ماركسىزمنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولۇۋالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇقىم ۋە ئۆزىگە يېقىنچىلىق مۇئامىلىسىدە بولۇۋاتقان شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن بىۋاستە پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى ئۇزۇنلۇقى 3000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان سوۋېت ـ

جۇڭگو چېگرىسىنىڭ تىنچ ــ ئامان بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيدىن « سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش »نى تەلەپ قىلغان. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن نائىلاج ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە داۋاملىق ھالدا ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، شېڭ شىسەينىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەينى قوللىشى ھەر قايسى ئىنقىلابى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. خەلقئارا كوممۇنىزم سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىغا خەت ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينى قوللىماسلىقىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرىنى بىرمۇ ــ بىر شەرھلىگەن. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىن ئېيتقاندا، خەلقئارا كوممۇنىزمنىڭ بۇ قارىشىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار ئىدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسى پرىنسىپىنى ئويلاشماستىن ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىي دۆلەت مەنپەئەتىنى ئويلىغان ئىدى. 1933- يىلى جاڭ پېييۈەن ئەسكەر باشلاپ ئىلىدىن دىخۇا ( ئۈرۈمچى) گە يۈرۈش قىلغان. شېڭ شىسەينىڭ ئىلتىجاسى بىلەن سوۋېت

ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇشقا ياردەم بېرىپ جاڭ پېيىۋەننى مەغلۇپ قىلغان. 1934- يىلى 1- ئايدا ما جۇڭيىڭ قول ئاستىدىكى 7000 نەچچە ئەسكىرى كۈچىگە باشلامچىلىق قىلىپ دىخۇاغا ھۇجۇم قىلغان. مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتە، شېڭ شىسەي قىسىم باشلاپ قارشىلىق كۆرسەتكەن، ھەمدە يەنە بىر قېتىم سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. سوۋېت ئارمىيىسى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كىرىپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى تېزلا مەغلۇپ قىلغان. شۇ يىلى 2- ئايدا ما جۇڭيىڭ مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ جەنۇبقا قاچقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا شېڭ شىسەي بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان دۈشمنى قالمىغان.1937- يىلى يىل بېشىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئەگەشكۈچىسى ما خۇسەن ئەسكەر باشلاپ شېڭ شىسەيگە قارشى چىقىپ كۈچارغا كىرگەن. 9- ئايدا، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىرتولۇف دىۋىزىيىسىنىڭ 2 دىۋىزىيىسى ۋە يەنە بىر دىۋىزىيە 40 ئايروپىلان، 20 نەچچە تانكىنىڭ ھىمايىسىدە ئاتۇشقا كىرىپ، ما خۇسەن قىسمىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. ما خۇسەن ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئاز ساندىكى كۈچلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. قالغان ئەسكەرلىرى بىرىگادا كوماندىرى ما سىڭگۇينىڭ تېلېگراممىسى بىلەن تەسلىم بولغان، كېيىن ماسىڭگۇي سوۋېت

ئارمىيسى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقنى تولۇق مۇستەھكەملىگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى قاتارلىق تەرەپلەردىنمۇ ياردەم قىلىپ تۇرغان. بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس، تېخنىك، كادىر ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ « ئالتە چوڭ سىياسەت » نى تۈزۈشكە كونكرېت ياردەم قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلگەن ۋە راۋاجلانغان.

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتقا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىشى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا بولغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا دۆلەتلەر كىشىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولغان. ئەمما، ئەينى ۋاقىتلاردا شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇھىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرىمۇ بۇ تۇپراقتا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنماقتا ئىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى 1933- يىلى 11- ئايدا سابىت داموللا ۋە ئىمىنىنى قەشقەردە « جۇمھۇرىيەت » قۇرۇشقا ، بۇنى « مەڭگۈلۈك دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت »

دەپ ئېلان قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. فرانسۇزلار دىخۇادا چەتئەل بانكىسى تەسىس قىلغان ئەنگلىيىلىكلەر كاتولىك دىنى چېركاۋى قۇرغان، شۋىتسىيىلىكلەر يېڭىساردا دوختۇرخانا ئاچقان. ئەمەلىيەتتە بۇلار ئوخشىمىغان ناملار بىلەن جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. دىنى تونغا ئورنىۋالغان فېئودااللارنىڭ يۇقىرى قاتلىمدىكىلەر جاھانگىرلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا « ئەنگلىيىگە يېقىن جەنۇپلۇقلار گۇرۇھى » ۋە « ياپونىيىگە يېقىن شىماللىقلار گۇرۇھى » شەكىللىنىپ، بۇلار غەربلىكلەرنىڭ گېزىت – ژۇرناللىرىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئاتالغۇغا ئايلانغان. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، چەتئەل بانكىسى ۋە كاتولىك دىنى چېركاۋلىرىنى بىردەك تارقىتىۋېتىپ، چەتئەل گىراژدانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان . سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىدىن باشقا شىنجاڭغا كىرگەن چەتئەللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قولغا ئالغان. شېڭ شىسەي ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر پۇرسەتپەرەس بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بەلگىلىك دەرىجىدە بىردەكلىك بولۇش مەيداندا تۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇ « كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق » دېيىلگىنىگە ئوخشاش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئانچە قوللاپ كەتمىگەن، شۇنداقلا ئوچۇق

- ئاشكارا ھالدا جياڭ جيېشىنىڭ « چەتئەلگە پاسسىپ قارشى تۇرۇش، ئىچكى مالىمانچىلىقنى ئاكتىپ بېسىقتۇرۇش » سىياستىنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا تەنقىدلىگەن. ئەينى يىللاردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى يولداش چېن تيەنچۇ مۇنداق دېگەن: ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، شېڭ شىسەي سىياسىي مەسىلىگە قارىتا ئىككى مەركەز پوزىتسىيىسى بىلەن قارىغان، يەنى خەلقئارا مەسىلىدە موسكۋاغا، دۆلەت ئىچى مەسىلىسىگە يەنئەنگە قارىغان.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەخپى زىيارەتكە بېرىپ، قىزغىن كۆتۈۋېلىشقا نائىل بولۇش

1937- يىل 8- ئاينىڭ 21- كۈنى جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەن. سوۋېت - جۇڭگو يېقىندارچىلىق مۇناسىۋىتى مەزگىلىگە كىرگەن. شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور تۈركۈمدىكى ھەربىي قورال - ياراقلىرى شىنجاڭ ئارقىلىق ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يەتكۈزۈلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىدىكى بىر تەبىئىي

توسۇق بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.1938- يىلى 1 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماشىنىلاشقان 8- پولكى قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شىنجاڭنىڭ شەرقى چوڭ دەرۋازىسىنى قوغداپ ياتقان، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قىسىملىرى غەربكە ئەسكەر تارتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

شۇ ۋاقىتلاردا، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنىمۇ قويۇقلاشقان بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا كېڭىشىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، 1938- يىلى 8- ئايدا داۋالىنىش نامى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا موسكۋاغا بارغان. ئۇ موسكۋاغا بېرىش ئىشى توغرىسىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ھېچقانداق خەۋەرنى ئاشكارىلىمىغان. ئەمما جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ ئايالى چيۇ يۇفاڭ شېڭ شىسەيگە ھەمرا بولۇپ موسكۋاغا بارغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچىلىرى ۋە شىنجاڭغا قىلغان ياردىمى كۆنسېرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شېڭ شىسەي بارغان ۋاقىت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ « ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش » مەزگىلىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغان، كېيىن ئۇ بۇ ئەندىشىسىنىڭ

بىھۇدە ئىكەنلىكىنى تېزلا تونۇپ يەتكەن ئىدى. شېڭ شىسەي موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. شېڭ شىسەي موسكۋا ئەتراپىدىكى بىر مېھمانسارايغا چۈشكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى جامائەتچىلىكنىڭ ھەتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان. كېيىن، ستالىن كرېمل سارىيىدا شېڭ شىسەينى قوبۇل قىلغان، بۇ قېتىمقى قوبۇل قىلىشتا يەنە مولوتوف ۋە ۋورشىلوفمۇ بىرگە بولغان. شېڭ شىسەي كېيىن ئۆز ئەسلىمىسىدە: قوبۇل قىلىشتا ستالىن 1937- يىلىدىكى شىنجاڭ توپىلىڭىدا مۇنداق بىر قاراشنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى، يەنى توپىلاڭنى تروتسكىچىلارنىڭ پىلانلىغانلىقىنى، ناتسىستچىلار، ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ تروتسكىچىلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئالدىنقى بازا قۇرۇش مەقسىتىگە يىتىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ۋورشىلوف بولسا ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىز رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى سەكرەش تاختىسى قىلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقى توغرىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ تېما ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغان - دەپ يازغان.

ستالىن موسكۋادا شېڭ شىسەينى ئۈچ قېتىم قوبۇل قىلغان. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلگىرى ھەر قانداق بىر جۇڭگو رەھبىرى ئېرىشىپ باقمىغان قىزغىن مۇئامىلىگە ئېرىشكەن. بۇ ستالىننىڭ شېڭ شىسەي ۋە شىنجاڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ستالىن شۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ بارلىق ياردەم تەلىپىنى قاندۇرغان. شېڭ شىسەي شۇ ئىشتىن كېيىن: مەن تۆر جەدۋىلىدىن بىز 5 يىل ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن بارلىق قىس، كەمچىل بولۇۋاتقان ئەسلىھەلەرنى كۆردۈم. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ستالىننىڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىش مەسىلىسىدىكى گۇمانى تۈگەپتۇ - دېگەن.

## ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇۋېلىش

1937- يىلى 11- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلقئارا كوممۇنىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى يولداش ۋاڭ مىڭ، كاڭ شىڭ موسكۋادىن يەنئەنگە قايتىش يولىدا شېڭ شىسەي ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ، زىياپەتتە شېڭ شىسەي پەيتنى تاللاپ تۇرۇپ ۋاڭ مىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس ھۆججەت چۈشمەيدۇ. شېڭ شىسەينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە « ئەزا » بولۇش مەسىلىسى بۇ قېتىمقى موسكۋاغا قىلغان

سەپىرىدە ھەل بولىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش ئويى يوققا چىققاندىن كېيىن، ئۇ مەخپى ھالدا سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ. شېڭ شىسەي كېيىن مۇنداق ئەسلەيدۇ « بارلىق ئىشلار ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى، ستالىننىڭ كەيپىياتىمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرۈنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ يەنئەن بىلەن بولغان بۇنىدىن كېيىنكى مۇناسىۋىتىم توغرىسىدىكى نازۇك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشنى قارار قىلدىم »

شېڭ شىسەي يەنە ئۆزىنىڭ ستالىن بىلەن قىلىشقان سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: « مەن ماركسىزمنىڭ سادىق ئەقىدىچىلىرىنىڭ بىرسى، مەن 1937- يىلى، مەن ۋاڭ مىڭ، كاڭ شىڭ ۋە دىڭ فا قاتارلىقلار ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش ئىلتىماسى سۇندۇم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي بيۇروسىدىكى ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې، جۇ ئېنلەي، ۋاڭ مىڭ، كاڭ شىڭ، دىڭ فا، چېن يۈن رېن بېشى قاتارلىقلار مېنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشۇمغا بىردەك قوشۇلدى ، ئەمما يەنە 3- كوممۇنا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاخىرقى قارارنى چىقىرىدۇ دېيىشتى »؛ « مەن پارتىيىنىڭ سىنىقى ۋە تەربىيىسىنى تېزدىن قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇڭا مەن سىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشۇم توغرىسىدىكى قارارىڭلارنى بىلىشكە ئىنتىزارمەن

. »

ستالىنغا شۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەينى چوقۇم قوللاش كېرەكلىكى ئېنىق بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسىدە بۇرۇنقى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مۇنداق ئىپادە بىلدۈرگەن « سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا پارتىيىگە كىرسەڭ بولىدۇ. سەن شىنجاڭغا قايتىشتىن ئىلگىرى مەن سەن بىلەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا قايتا سۆھبەتلىشىمەن ». شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ستالىن شېڭ شىسەينىڭ پارتىيىگە ئەزا بولۇش مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا قايتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئوفىتسېرى ستالىننىڭ كۆرسەتمىسىنى ئېلىپ شېڭ شىسەي چۈشكەن مېھمانسارايدا شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكەن. ستالىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ، ئۇنى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلغان. بۇ ئوفىتسېر شېڭ شىسەينى موسكۋا سىياسىي بيۇروسىغا بويسۇنۇش توغرىسىدىكى قەسەمنامىگە ئىمزا قويۇشنى تەلەپ قىلغان، شېڭ شىسەي بىر ھازا ئىككىلەنگەندىن كېيىن، ماقۇللىغىنى بىلدۈرگەن.

20- ئەسرنىڭ 90- يىللىرى ئاشكارىلانغان رۇسىيە ئارخىپلىرىنىڭ 1938- يىلى 9- ئاينىڭ 2- كۈندىكى شېڭ شىسەي بىلەن ستالىن، مولوتوف، ۋوروشىلوفلارنىڭ ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىدە، ستالىننىڭ ھەقىقەتەن شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە مەخپى ھالدا ئەزا بولۇشىغا قوشۇلغانلىقى، ئەمما يەنە بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن جياڭ جيېشىنىڭ نارازى بولۇشىدىن، شېڭ شىسەينىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىگە قۇلايسىزلىق ئېلىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغانلىقىنى شېڭ شىسەينىڭ 2- سىڭلىسى شېڭ شىتۇڭ يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان. ئۇ سۆزىدە: شېڭ شىسەي سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەزالىق كىنىشكىسى بار - دېگەن. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى « ماركسىزمچى » دەپ ئاتىۋېلىشى سېپى ئۆزىدىن يالغانچىلىقتىن ئىبارەت خالاس.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولۇۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ مەنپەئەتىگە ساتقۇنلۇق قىلىش

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولۇش مەقسىتىدە، شىنجاڭدا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى، جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇشنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا جامائەتچىلىك پىكرىنى ئويلىشىپ قوشۇلمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مولوتوف سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشمىسىنىڭ 7- قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا: سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قەتئىي قوغدايدۇ – دېگەن.

شېڭ شىسەي دۆلەت مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشقا قارىماي، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىۋەتكەن. 1940- يىل 11- ئاينىڭ 26- كۈنى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن باكۇنىن، كاربوف قاتارلىقلار بىلەن مۇددىتى 50 يىللىق « شىنجاڭ - سوۋېت كونسېسسىيە شەرتنامىسى » ئىمزالاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭدا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىمايدىغان تۈرلۈك ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئېرىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ بارلىق كان بايلىقلىرى ۋە قاتناش، سانائەت ۋە تۈرلۈك بايلىق مەنبەلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. شۇنداقلا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا

ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قانداق رايوندا ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنغان.

1941- يىلى 6- ئايدا سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇرۇشتا بىر مەھەل ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، موسكۋا شەھىرىگە قىستاپ كەلدى. پۇرسەتپەرەس شېڭ شىسەي « سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى سوۋېت چېگرىسى ئىچىدە بولۇۋاتىدۇ، ئۇرۇش قاچاندا ئاخىرلىشىدۇ ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش شىنجاڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە جياڭ جېيشىغا ئەگىشەي » دەپ ئويلىغان.

1942- يىلى 6- ئاينىڭ 27- كۈنى ستالىن خەلق دىپلوماتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى دىكانىزوفنى مولوتوفنىڭ شېڭ شىسەيگە يازغان خېتى بىلەن بىرگە دىخۋاغا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ جياڭ جېيشىغا ئەگىشىشىنى توسۇماقچى بولغان. گەرچە مولوتوف يول قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، شېڭ شىسەي مىدىرلاپمۇ قويمىغان. دىكانىزوف شېڭ شىسەيگە « سەن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، شۇڭا ماركسىزمغا مەڭگۈ سادىق بولۇشۇڭ، تەۋرەنمەسلىكىڭ كېرەك » دەپ تەربىيە بەرگەن.

شېڭ شىسەي شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، قىلچە يوشۇرماستىن « مىنىڭ ماركسىزمغا ئىشىنىدىغانلىقىمغا كەلسەك سىزگە شۇنى ئېنىق دەپ قوياي، بۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. مىنىڭ ھۆكۈمىتىمنىڭ سىياسەتلىرىگە كەلسەك، مەن سىزگە شۇنداق ئېيتالايمەنكى، مەن ئۈچ مەسلەكىنىڭ سادىق ھىمايىچىلىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭدا دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىمەن » دېگەن.

شېڭ شىسەينىڭ ۋەدىسىدىن قايتا - قايتا تېنىۋېلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دېڭ فانىڭ شېڭ شىسەيگە بەرگەن مۇنداق باھاسىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى « شېڭ شىسەينىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەلۋە، ئاچكۆز مىللىتارىستقا، ئىدىيىسىنى يەرلىك خاقانغا ، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشىنى قۇتۇرغان چىلبۆرىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ».

جياڭ جيېشىغا سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.1942- يىلى 10- ئاينىڭ 5-كۈنى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۇشكىن ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە بىر پارچە ئەسلەتمە يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى

ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭدىكى دىپلوماتىيە خادىملىرىدىن باشقا بارلىق خادىملىرىنى ( ھەربىي خادىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۈچ ئاي ئىچىدە چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ستالىن باشتا شىنجاڭدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشنى ئويلىمىغان، ئەمما 1943- يىلى 4- ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ئەمەلدارلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى سەۋەبىدىن، جياڭ جيېشى بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋېتنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىشتا قوشۇلغان. 6- ئايدا، گومىنداڭ قوشۇنلىرى قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشقان. ستالىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئۆگىشۈپلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قوشۇننى چېكىندۈرگەن. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئېتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تەلتۆكۈس ئاياقلاشقان. 1943- يىلى، شېڭ شىسەي گومىنداڭ پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەمدە « گومىنداڭنى ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭغا سادىق بولۇش، رەھبەرلىكىگە قەتئىي بويسۇنۇش » توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئالتە چوڭ سىياسەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئالتە يۈلتۇزلۇق بايراقنى گومىنداڭ بايرىقىغا ئالماشتۇرغان.

مىنگو مەزگىلىدىكى شىڭ شىسەي «شىنجاڭ خانى » دېگەن نام بىلەن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. ئۇ شىنجاڭنى كومپارتىيە، گومىنداڭ بىلەن بىرگە «جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ سىياسىي گۇرۇھ »، ھەمدە ئۆزىنى كومپارتىيە، گومىنداڭ رەھبەرلىرىدىن باشقا «ئۈچىنچى چوڭ داھىي » دەپ ئاتىغان. شىڭ شىسەي يەنە ئۆزىنى ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل، ماۋ زېدۇڭ، جياڭ جېيشى قاتارلىقلار بىلەن بىر ئورۇندا قويۇپ « دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى كۆرەش لىنىيىسىدىكى ئالتە داھىي » دەپ ئاتىۋالغان. ئەمما گومىنداڭ شىڭ شىسەينىڭ «داھىي » بولۇۋېلىشىغا قەتئىي قوشۇلمايتتى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەسكىرى كۈچى ئاجىز ۋاقىتتا، شىڭ شىسەينى كۈچىنىڭ بېرىچە ئۆزىگە تارتقان، گومىنداڭنىڭ تاۋ سيۆ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنىنىڭ 3 دېۋىزىيىسى دىخۇاغا كىرگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كەتكەن.

شىڭ شىسەينىڭ گومىنداڭغا تايىنىشىنىڭ « بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرىش » تەك ئىش بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. شۇڭا شىڭ شىسەي تاقابىل تۇرۇش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، گومىنداڭ كۈچلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەييارلانغان. 1944- يىلى 8- ئاينىڭ 11- كۈنى، شىڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سېكرېتارى

خۇاڭ رۇجىن ۋە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لى جىيۇڭنى تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

http://www.sina.com.cn دىن تەرجىمە قىلىندى .

# مىللەتلەر شىنجاڭ شىسەي دەۋرىدە ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىمە

خالىق ساقى

تورغا يوللىغۇچى: iltebir

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=199

40- يىللاردا شىنجاڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇمانلار بېسىشقا باشلىدى. ھاۋارايىدا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش بولغىنىدەك كۈتۈلمىگەن بىر ۋاقىتتا پەيدا بولغان قارا تۇمان پۈتۈن يەر- جاھاننى قاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچ ھاياتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ھەممىلا يەرنى ۋەھىمە قاپلىدى، ئاق تېررورلۇق ئەۋج ئېلىپ ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىدى. ھەر خىل يالغان ئەنزىلەر ئويدۇرۇلۇپ چىقىپ مىڭلىغان زىيالىيلار تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى، ئۇلارنىڭ بالا- چاقىلىرى چەت جايلارغا سۈرگۈن قىلىندى. شۇ تۈپەيلى ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئەتىكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدى،

جەمئىيەتنىڭ نورمال ئەخلاقى بۇزۇلدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا خىيانەتكارلىق، تۆھمەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئىشەنمەسلىك، سۇخەنچىلىك بازار تاپتى. ئادالەت، ھەققانىيەت، راستچىللىقنى تەشەببۇس قىلىش جىنايەت ھېسابلاندى. كىشىلەر ئارىسىدا ئاتا- بالا، ئاكا- ئۇكا، ئاچا- سىڭىل، يار- بۇرادەرلەر بىر- بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزىدىغان، يىل بويى بىر- بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىش- كېلىش قىلمايدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلدى. مەدەنىي- مائارىپ، ئەدەبىي- سەنئەت ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بۇ ساھەدە ئىشلەپ خىزمەت كۆرسەتكەن ھەر مىللەت زىيالىيلىرى تۈرلۈك كەمسىتىشلەرگە ئۇچرىغاندىن تاشقىرى، چەتكە قېقىلىپ ھەرخىل تەھدىت ئاستىغا ئېلىندى. شىنجاڭنىڭ پۈتۈن شەھەر، يېزا- قىشلاقلىرى ئىشپىيون- جاسۇسلار بىلەن تولدى. ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى مىدىر- سىدىر قىلالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. بۇ ۋاقىت دەل مىللىتارىست شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، جياڭ جيېشى قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا زېمىن ھازىرلاۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ بىردىنلا ئۆز ئەپت- بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. تۇنجى قەدەمدە ئۇ 1938- يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ئۇلارنى تارقاقلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدىن، بولۇپمۇ مەدەنىي ـ مائارىپ سېپىدىن ئاجرىتىپ چەت ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە يۆتكەش ئىشىنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، سابىق شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لىن جىلۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ كۇچارغا؛ ئۆلكىلىك 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى لى زىلياڭنى مەكتەپ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇپ قەشقەرگە؛ ساۋ جيەنپىنى قارا شەھەرگە يۆتكىدى ۋە باشقىلار؛ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ كىشىلەرنى بارغان يېرىدە نەزەربەند قىلىپ ئاخىرى قولغا ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تۈرلۈك يالغان ئەنزىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەر مىللەتنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرىنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قولغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا بىرەر مىللەتنىڭ ئىچىدىن چىققان زىيالىي بىرەر خىزمەتكە كۆتۈرۈلۈپ تەيىنلەنسە بىر قانچە كۈندىن كېيىنلا ئۇ كىشىنىڭ مەلۇم ئەنزىگە چېتىلىپ تۈرمىگە چۈشۈشىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ شۇ دەۋردىكى ئومۇمى ئەھۋال ئىدى. شېڭ شىسەي يۇقىرىقى چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن تاشقىرى يەنە يالغان ئەنزە پەيدا قىلىپ قولغا ئالغان ياكى گۇمانلىق دەپ تونۇلغان كىشىلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئۆز يۇرت ماكانلىرىدا، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشىنى ئۆزى ئۈچۈن خەۋپ

دەپ بىلىپ، شىمالى شىنجاڭنىڭ ئىلى، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق ۋىلايەتلىرىگە تەۋە شەھەر، ناھىيىلەرگە سۈرگۈن قىلىش، نازارەت ئاستىدا ئۇلاردىن پايدىلىنىشتەك ۋەھشىيلىك سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇ تېررورلۇق 1939- يىلى قىش پەسلىدە باشلاندى. بۇنىڭ ئۆتمۈشى تۆۋەندىكىچە: بىر كۈنى ئاياز قىشتا كۈڭئەن گۈەنلىچۇ (ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى) تەرىپىدىن مۇناسىۋەتلىك ئۆيلەرگە سۈرگۈن قىلىندىغانلىق توغرىسىدا ئۇختۇرۇش قىلىندۇ. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇختۇرۇش قىلىنغان ئۆينىڭ ئالدىغا ئۈستىگە كىگىز قاپلانغان قارا ماشىنا كېلىدۇ. ھەر بىر ماشىنىدا ئۈچ- تۆتتىن ماشىنىلار بىللە بولۇپ، ئۇلار سۈرگۈن قىلىندىغان كىشىلەرنىڭ تەييارلىقى پۈتكەن- پۈتمىگەنلىكىگە قارىماستىن مەجبۇرىي رەۋىشتە يۈك- تاقلىرىنى ماشىنىغا باستۇرۇپ نازارەت قىلىش ئارقىسىدا ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ تۈركۈمدە ماڭغان ئاتالمىش «خائىنلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى» ئىككى كۈن يول يۈرۈپ سۈيدۈڭ (خۇييۈەن) ناھىيىسىگە كېلىدۇ. ئۇ يەردە جاڭ فامىلىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئىلگىرى گازارما قىلغان، ئەتراپى سېپىل بىلەن ئورالغان يامۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ قېتىم سۈرگۈن قىلىنغان ئائىلە- تاۋابىئاتلار ھەر مىللەتتىن بولۇپ چوڭ- كىچىك 700 گە يېقىن كىشى ئىدى. بۇلار: بۇرھان شەھىدىنىڭ بالا- چاقىلىرى، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئايالى، مەھمۇت سىجاڭنىڭ بالا-

چاقىلىرى، مەرھۇم ئەسئەت ئىسھاقوپنىڭ ئىنىسى مەرغۇپ ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، رومانە خانىمنىڭ ئانىسى، ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئائىلىسى ۋە بىر تۇغقانلىرى، موڭغۇللاردىن شىمۇچىك ۋە ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇمچىدىكى ھوشۇر ئاخۇن، رۇزى ئاخۇن، پالتابايۇۋلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى قاتارلىق ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاتار، رۇس، موڭغۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇلار پەقەتلا شەكلى ئۆزگەرگەن تۈرمە رېجىمىدا تۇرىدۇ. مەزكۇر يامۇلنىڭ دەرۋازىسىدا كېچە- كۈندۈز قوراللىق ساقچى پوست قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر سىرتقا چىقىش توغرا كەلسە ساقچىنىڭ رۇخستى بىلەن بىر ئائىلىدىن بىر كىشى چىقىپ، چەكلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق يېمەك-ئىچمەك سېتىپ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇلارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پەقەتلا ئۇن، گۈرۈچ بېرىدۇ. قالغان قۇشۇمچە گۆش- ياغ، ئوت- ياش قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ تەمىنلىنىدۇ، شۇ سەۋەبلىك بۇلارنىڭ باشقا كىرىمى بولمىغاچقا ئۆيۋاق، كىيىم- كېچەكلىرىنى سېتىپ كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ياش- ئۆسمۈر بالىلىرى ئۇچۇن ئېچىپ بېرىلگەن مەكتەپ يوق. يۈزلىگەن ھەر مىللەت ياش-

ئۆسمۈرلىرى ئوقۇشسىز قالىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق شەكلى ئۆزگەرگەن تۈرمە ھاياتىنى بىر يېرىم يىل ئۆتكۈزىدۇ.

42- يىلىغا كەلگەندە بىر كۈنى ئائىلىنىڭ سىلىڭى ياۋ سىلىك كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەركۈز قورغان ئىچىدىن ئازات قىلىنىپ، ئىلى رايونىنىڭ ئالتە ناھىيىسگە تارقىلىپ ھايات كەچۈرۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ. لېكىن ئالتە ناھىيىدىن تاشقىرى ئورۇنلارغا يۆتكىلىپ كېتىشنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بۇلار تارقىلىپ ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ئورۇنلىشىپ، ھايات كەچۈرۈشكە باشلايدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق سۈرگۈن 1939- يىلى 1- ئايدا بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ گۇڭخەن گوەنلىچۇ تەرىپىدىن مۇناسىۋەتلىك سۈرگۈن ئوبېكتىلىرىدىن 70- 80 كىشىگە ئۇشتۇمتۇت ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا يەنە ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، ساۋەنلەرگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇلاردىن ئالتايغا بارغانلار خەن پىڭۋۇ، سەي جىڭسىڭ، لوجۇ (ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن ئايروپىلان ۋەقەسىدە بىللە قۇربان بولغان)، دىڭ خايەن، لىيۇ چىڭلىڭ، نۇسرەت شەھىدى، نىكۇلاي بىچكۇپ، شىبە زىيالىيسىدىن چۇڭچەن قاتارلىقلار بولۇپ، چۆچەككە قەدەر قارا ماشىنىدا بېرىپ، چۆچەكتىن ھارۋا بىلەن قاتتىق سوغۇقتا تارتمىغان

ئازابلارنى كۆرۈپ، بەش- ئالتە كۈن دېگەندە ئالتايغا يېتىپ باردۇ، ساۋەنگە ئۇيغۇر سايرانىلار سۈرگۈن قىلىندۇ.

ئۈچىنچى قېتىملىق سۈرگۈن 1940- يىلى مايدا باشلاندى. بۇ نۆۋەتتىكى سۈرگۈن ئاساسەن زىيالىيلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ھەر بىر مىللەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلىرىدىن تەركىب تاپتى. شۇ يىلى ئىككىنچى- ئۈچىنچى ئايلارنىڭ بىر كۈنى مەن شىنجاڭ شۆبۇەندە ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىدىن بىر ئانكىت تارقىتىپ، دەرھال راستچىللىق بىلەن تولدۇرۇپ بېرىشنى تاپشۇردى.
بۇ ئانكىتنىڭ ئاساسى قىسمىدا بىر گرافا بولۇپ ئۇنىڭدا سورالغان سوئال ئاساسەن سېنىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تۇغقانلىرىڭدىن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قولغا ئېلىنغانلار بارمۇ، ئۇلار كىم؟ ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇ بويىچە تولدۇرۇپ بەردۇق. بىر نەچچە ئاي ئۆتمەستىنلا شۇ يىلى ماينىڭ ئون نەچچىنچى كۈنى ئىلمىي باشقارما تەرىپىدىن مېنى، مەرھۇم ئابدۇكېرەم ئابباسوپنى، ئىمىن نىياز لەيسۇفنى، خەنزۇ ساۋاقداشلاردىن ۋۇ شىڭۋۇ، گوجو قاتارلىقلارنى چاقىرىپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ۋاقتى سائەت ئۈچتە گۇڭئەن گۇەنلىچۇغا بېرىشىمىزنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. ھەممىمىز ھەيران بولۇپ، تەشۋىشتە قېلىپ، بىر- بىرىمىزگە يەر ئاستىدىن قارىشىۋالغان بولساقمۇ نېمە

ئۈچۈن؟ دېگەن سوئالنى سوراشقا ھېچ قايسىمىز جۈرئەت قىلالمىدۇق. ۋاقىت توشتى، دەل سائەت ئۈچتە گۈڭگۈرەن گۈمبەنلىرى چۈشكەن گۈمبەنلەرنىڭ ئاۋازى يەنە باشلاندى. قاپقا ئالدىدا تۇرغان ساقچىلار بىزنى زالغا باشلاپ قويدى. (ھازىرقى پارتىيە مەكتىپىنىڭ سول تەرەپتىكى ئۈچ قەۋەت ئىمارەتنىڭ 2- قەۋەتتىدىكى زال)، زالغا كىرسەك يالغۇز بىرلا ئەمەس، ئۆلكىلىك سىپەن مەكتىپى، ئۆلكىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى، شىنجاڭ شۆيۈەن بولۇپ بىر قانچە مەكتەپ، ئىدارە- جەمئىيەتلەردىن ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، كادىرلىرىدىن جەمئىي 200 چە كىشى توپلانغانىكەن، ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ملىتارىست شېڭ شىسەينىڭ ساقچى ژاندارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى (ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن) ھەربىيچە يەڭسىز چاپاننى يېپىنچاقلىغان قىياپەتتە پەيدا بولدى. يەنە بىر ساقچى ژاندارمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىن باشلىنىپ، لى يىڭچى سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە: «سىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىمىزكى، سىلەر قولغا ئېلىنغان خائىنلارنىڭ بىۋاستە پەرزەنتلىرى، گەرچە سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئاكاڭلار ۋە باشقا تۇغقانلىرىڭلار ھۆكۈمىتىمىزگە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، قولغا ئېلىنىپ جازالانغان بولسىمۇ، سىلەرگە ھۆكۈمىتىمىز يەنىلا غەمخورلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈندىن كېيىنكى ئىستىقباللىرىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ، سىلەرنى ئۇ خائىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماسلىق

يۈزىسىدىن، سىلەرنىڭ ئۇلاردىن چەك- چېگرالىرىڭلارنى ئاجرىتىپ، ھۆكۈمىتىمىزگە ساداقەت بىلدۈرۈپ، خىزمەت كۆرسىتىشىڭلارنى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ، سىلەرگە چىقىش يولى بەرمەكچى. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن بارغان خىزمەت ئورنۇڭلاردا ھۆكۈمىتىمىزگە سادىق بولۇپ ياخشى خىزمەت قىلساڭلار ئۆزلىرىڭلارنىڭ ئىستىقبالى ياخشى بولغاندىن تاشقىرى، قاماقتىكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ گۇناھىنىڭ يەڭگىللەپ بوشىتىلىشىغا ھەسسە قوشقان بولىسىلەر. ئەگەر ھۆكۈمىتىمىزگە سادىق بولۇپ خىزمەت قىلمىساڭلار سىلەرنىڭمۇ تەقدىرىڭلار قاماقتىكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ سىلەرگە قىلىنغان چوڭ غەمخورلۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ، تېگىشلىك ئورۇنلارغا بېرىپ، ئورۇنلىشىشلارنى ئۇقتۇرىمەن» دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى. كۆپچىلىك بۇ ئۇشتۇمتۇت شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھاڭ- تاڭ قالدۇق، يەنە بىر ساقچى ئەمەلدار سەھنىگە ھازىر بولۇپ بىر تەقسىمات تىزىملىكىنى ئوقۇپ كىمنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ۋە قايسى كۈنى مېڭىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سۇرگۈن قىلىنىدىغان ئورۇنلار ئاساسەن ئالتاي، چۆچەك، غۇلجا، گۇچۇڭ، ماناس، ساۋەن قاتارلىق ئورۇنلار بولۇپ، شىنجاڭ شۆيۈەنىدىن مەن، ئىمىنىياز لەيسوف،

خەنزۇ ساۋاقداشلاردىن ۋۇشىڭ ۋۇ، گوجۇلار، ئۆلكىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن ياسىن خۇدا بەردى، غەنى ھەسنى، مەھەممەت نەزەرلەر، ئۆلكىلىك سىپەن مەكتەپتىن ئەسمتۇللا مەسۇمى، ئابدۇكېرەم مەخمۇدى، خەنزۇ ساۋاقداش جاڭ ۋېيلار ئالتاي ۋىلايىتىگە، ئابدۇكېرەم ئابباسوپ ۋە باشقىلار ساۋەنگە، باھاۋىدىن نۇرى قاتارلىق بىر قانچە ساۋاقداشلار چۆچەككە تەقسىم قىلىندۇق.

شۇنىڭ بىلەن شەرتسىز بويسۇنۇپ، تەييارلىق ئۈچۈن بېرىلگەن ئىككى كۈنلۈك ۋاقىت ئىچىدە تەييارلىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە شىڭلىلىرىمىزنى ئېلىپ گۈڭگەن گۆەنلىچۇنىڭ قورۇسىغا جەم بولدۇق. ئاندىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى بويىچە بىر ساقچى ئەمەلدارىنىڭ نازارىتى ئاستىدا قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئالتاي قاتارلىق جايلارغا بىر ۋاقىتتا يولۇپ كەتتۇق. ئۈرۈمچىدىكى ئۇرۇق- تۇغقان، قوۋم- قېرىنداش، يار- بۇرادەرلىرىمىز كېلىپ، ئۇزىتىپ قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىش جىددىي ھەم سۈرلۈك بولغانىدى.

مەرھۇم ساۋاقدىشىمىز ئابدۇكېرىم ئابباسوپمۇ بىز ئولتۇرغان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ساۋەنگە بارغاندا ساقچى ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ ئېچىنىشلىق جۇدالىق تا ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بىز ئالتايغا تەقسىم قىلىنغانلار ئۈرۈمچىدىن چىقىپ بىر قونۇپ، چۆچەك شەھىرىگە

يىتىپ باردۇق، بىزنى چۆچەك ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە چۈشۈرۈپ، بىر كىچە قوندۇردى، ئەتىسى بىرقانچە ساقچى ياتقان يېرىمىزگە كىرىپ يۈك- تاقلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغانلىقنى ئۇقتۇرۇپ، ھەممىمىزنىڭ چامادان، سومكا، يوتقان- كۆرپىلىرىمىزنى بىر- بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىقتى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئىنچىكىلەپ ئاختۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدۇق. بۇ ئىش ئاياغلاشقاندىن كىيىن يەنە ئۇرۇمچىدىن بىزنى نازارەت قىلىپ كەلگەن ساقچى ئەمەلدارىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئالتايغا قاراپ يولغا چىقىپ، بىر قونۇپ ئالتاي شەھىرىگە يىتىپ باردۇق. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىزنى ئالتۇن كان ئىدارىسىگە چۈشۈرۈپ قۇيۇپ، بىر- ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كىيىن تەقسىم قىلىنىدىغانلىقنى ئۇقتۇردى.

راست دېگەندەك ئىككى كۈندىن كىيىن ئالتاينىڭ سىلىگېۋەنى ياڭ داشاڭ (بۇ كىشنى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن). مۇئاۋىن ۋالىي چو فىڭمىڭ (ئالتايغا مۇئاۋىن ۋالىي بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ سابىق مۇدىرى) ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭى فۇ جۈيجاڭ دېگەنلەر بىز تۇرغان ئالتۇن كان ئىدارىسىگە كېلىپ بىزدىن ھال سورىغاندىن كېيىن، تەقسىماتنى ئېلان قىلدى. بىزگە ئالتاينىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە سۆزلەپ، ئۆز ئورۇنلىرىمىزدا

ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىپ قايتىپ كېتىشتى. بۇ ۋاقىت ئالتايدىكى قازاق قېرىنداشلار شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتقان چاغ ئىكەن. مەن بىلەن ئىمىن نىياز لەيسۇفنى ئالتاي ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم، جاڭ ۋىنى مائارىپ ئىدارىسىگە، ئابدۇكېرىم مەھمۇدىنى قابا ناھىيىسىگە تەقسىم قىلدى. يولداش ياسىن خۇدابەردى، غەنى ھەسەنى، مەھەممەت نەزەر، ئەسمەتۇللا مەسۇمى، ۋۇشىڭ ۋۇ، گوجۇ قاتارلىقلارنى ئالتۇن كان ئىدارىسىگە تەقسىم قىلدى. بۇلاردىن ياسىن خۇدابەردى، ئەسمەتۇللا مەسۇمنى ئالتاينىڭ تويتۇغۇچ رايونىدىكى ئالتۇن كانغا، مەدەنىيەت تەشۋىقات خىزمەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەندىن تاشقىرى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى بازاردىن ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ ئۆزىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئالتايغا كەلگەندىن كېيىن، ئاستىرتىن ئۇققان ئەھۋالىمىزغا قارىغاندا، ئالتاي شەھىرىدىكى مەدەنىي مائارىپ ۋە باشقا ئىدارىلەردە ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بىرقانچە قېتىملىق سۈرگۈن جەريانىدا سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەنلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ ۋاقىتتا بىزگە قويۇلغان شەرت، ئۆزىمىزنىڭ خائىنلار ئائىلە- تاۋابىئاتى سەۋەبلىك سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەنلىكىمىزنى ھەر قانداق كىشىگە ئېيتماسلىق، قەتئىي مەخپى تۇتۇش

ئىدى. شۇنداقلا ئۆز ئارا مۇناسىۋەت باغلاپ، بۇ مەخپىيەت ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش قەتئىي چەكلەنگەنلىكتىن، ساقچى ژاندارمىلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ھەقىقەتەن مەخپى تۇتۇپ كەلدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ساقچى ئورۇنلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىمىزدىن دوكلات قىلىپ تۇرۇش، ساقچىنىڭ رۇخستى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئالتاي شەھرىدىن ئايرىلماسلىقتەك رېجىم ئورنىتىلغانىدى. دەر ھەقىقەتەن كۆرۈنۈشتە بىزلەرنى مۇۋاپىق خىزمەتلەرگە قويۇپ، باشقىلار قاتارىدا كۈن ئېلىش پۇرستى بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەركىنلىكىمىز مەخپى ھالدا چەكلەنگەنىدى. پەقەتلا تەشكىلنىڭ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تۈرلۈك خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا قاتنىشىپ، باشقا ناھىيە، يېزا- قىشلاقلارغا بېرىپ، تۈرلۈك تەشۋىقات خىزمەتلىرىدە بولۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى.

سۇرگۈن قىلىنغان ياشلار گەرچە ئۆزلىرىنى رېجىم ئاستىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئەركىسىز كىشىلەر دەپ ھېس قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەينى ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدا ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كوممۇنىستلارنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىدە تەربىيىلەنگەنلىكى، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى بىر قەدەر چوڭقۇر قوبۇل قىلغانلىقى تۈپەيلى بۇلاردا ئوخشىمىغان

دەرىجىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي روھ ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكىگە بولغان يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق بولغاچقا، شېڭ شىسەي مۇستەبىت هاكىمىيىتىنىڭ تۈزۈمىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلۇغۋار ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاپا- مۇشەققەت، سىياسىي تەهدىتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆز ئورۇنلىرىدا ئاكتىپلىق خىزمەت ئىشلەپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىي- مائارىپ، ھەر ساھە قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن مەلۇم خىزمەتلەرنى قىلغاندىن تاشقىرى، ياپون جاهانگىرلىكىگە قارشى ئۇلۇغ ۋەتەن ئازادلىق ئۇرۇشى ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم يىغىشتا ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قىلغانىدى، بۇ يولدا باتۇرانە كۈرەشلەرنى قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۈيىقەستىگە ئۇچراپ ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغانلارمۇ بولدى. مەسلەن، ساۋاقدىشىمىز لىۇ چېڭلىك، ياپون جاهانگىرلىكىگە قارشى ياردەم يېغىش ئۈچۈن تەشۋىقات گۇرۇپپىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتى بىلەن ئالتاينىڭ كۆكتوقاي ناھىيسىنىڭ يايلاۋسىدا تەشۋىقات خىزمتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت خەلق ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىر بۆلۈم ئەكسىيەتچى قاراقچىلار باستۇرۇپ كېلىپ، مەزكۇر تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق يولداشلارنى ۋەھشىيانە نابۇت قىلدۇ. بۇ

ۋەتەنپەرۋەر ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆچمەس ئىنقىلابى روھى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا ياسىن خۇدابەردى، ئەسمەتۇللا مەسۇمى، تويتۇغۇشتىكى كان رايونىدا ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەڭ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يولىدا تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كان رايونىدا بىر يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغانىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قازاق قېرىنداشلار شېڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، مۇستەبىت شېڭ شىسەي ھاكىمىيتى مەزكۇر زىيالىيلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خەۋپ دەپ بىلىپ، بۇلارنىڭ ئۈستىدە يالغان ئەنزە ئويدۇرۇپ، قولغا ئېلىپ ئالتاي تۈرمىسىدە بىگۇناھ ئىككى يىلدەك ئازابلايدۇ.

سۈرگۈن قىلىنغان بۇ ھەر مىللەت زىيالىي ياشلىرى، گەرچە ئەنە شۇنداق ھەرخىل تەھدىت ئاستىدا كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى.

بەختكە يارىشا شىڭ شىسەي ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇلۇپ، شۇنىڭ بىلەن سۈرگۈن ھاياتىغا خاتىمە بېرىلىپ، ھەرقايىسلىرىمىز ئۆز يۇرت-ماكانلىرىمىزغا قايتىپ كېتىش پۇرستىگە ئىگە بولدۇق. ئەپسۇسكى ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ، قاراقچىغا تۇتۇلغاندەك، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەختىگە قارشى گومىنداڭ ھاكىمىيتى تىكلەندى. گومىنداڭ ھاكىمىيتى شىڭ شىسەي ھاكىمىيتىنىڭ تېرورلۇق سىياستىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىمالى شىنجاڭ رايوندىن سۈرگۈنلۈكتىن قۇتۇلۇپ، جەنۇبى شىنجاڭدىكى يۇرتىغا قايتقان ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى سىلەر ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن قىزىل پاچاقلار دەپ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەپ، تۈرمىلەرگە تاشلىدى ۋە ئازابلىدى. پەقەتلا 1949- يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇپ، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ھاكىمىيەت تىكلەنگەندىن كېيىنلا بىز ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بېشىمىزغا كىيدۈرۈلگەن «ئاسىيلار تاۋابىئاتلىرى» دېگەن قالپاق كەتسە كەلمەسكە چۆرۈپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىز زىيالىيلار ئىنقىلابقا ئاتلىنىپ، ئىنقىلابىي قوشۇنىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئىنقىلابىي خادىملىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە زور تۆھپىلەرنى قوشتى ۋە قوشماقتا.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە

ھاكىم جاپپار

تورغا يوللىغۇچى: niyazdixan

توردىكى ئادرېسى:

http://www. orkhun. com/BBS/ShowPost. asp?ThreadID=110

1944 – يىل 9 – ئايدىن باشلاپ ئىلىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ناھايىتى تېز ئالتاي، تارباغاتايلارنى ئازاد قىلدى. ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىلىنى مەركەز قىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. 1944 – يىلدىن 1949 – يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە بەش يىلدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىشلىرىدا، جۈملىدىن مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1945 – يىل 10 – ئاينىڭ 15 – كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 108 – سانلىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا « شەھەر، ناھىيە مەركەزلىرىدە تولۇقسىز

مەكتەپ، يېزا ـ قىشلاقلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىي مائارىپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار » ماقۇللاندى ۋە ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش بەدىلى ئالماسلىق، يېتىم ـ يېسىرلار مەكتەپلىرىنى ( دارىلئېتام) ياخشى يولغا قويۇش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش، تولۇقلاش ۋە ئوقۇتۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق بىر مۇنچە مەسىلىلەردە تەدبىرلەر تۈزۈلۈپ، بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتتە مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىشتەك يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۈچ ۋىلايەت ئومۇمەن ئۇرۇش ۋە ھەربىي ھالەت ئەھۋالىدا بولسىمۇ، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە ناھىيىلەرگە مائارىپ ئىشلىرىغا ئەستايىدىل قاراش ۋە ئۇنى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا تۇتۇش مەسئۇلىيىتى يۈكلەندى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار مەيلى خىزمەت تەكشۈرۈپ شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارغا بارسۇن ياكى يول ئۈستىدە بولسۇن، مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى بىۋاستە ئىگىلەپ تۇراتتى ۋە بۇ جەرياندا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ تۇراتتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ( زىيالىيلار) ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. مانا شۇ چاغدا ۋاقىتلىق

ھۆكۈمەت كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئارمىيە سېپىگە قاتناشقان ( بۇ چاغدا ئارمىيە سېپىدىمۇ مۇشۇنداق زىيالىيلارنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. كېيىنكى قوماندان ۋە سىياسىي رەھبەرلەردىن مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، ئامانتۇر بايزاقوۋ، ھەمدۇللا قۇربان، باۋۇدۇن نۇرىيوۋ قاتارلىقلار شۇ چاغدا ئارمىيە سېپىدە قالغانلار ئىدى) زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇپ كەلدى،

ئۇرۇش ھالىتى تۈپەيلىدىن 1944 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1945 ـ يىلنىڭ بېشىغىچە بىر مەزگىل مەكتەپلەردە ئوقۇش توختاپ قالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جايلاردا ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىلدى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاندى. مۇشۇ چاغدا ئىلىدىكى يۇقىرى ئوقۇش ئورنى بولغان ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدىمۇ ئوقۇش توختىغانىدى. چۈنكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ھەممە نەرسە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن قارىتىلغانلىقتىن، ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئورنى ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرىنىڭ، كېيىنچە ھەربىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى بولۇپ تۇردى. لېكىن 1946 ـ يىلدىن باشلاپ ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ يەنە ئوقۇش باشلىدى. ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ ھەربىي سەپكە قاتناشقان ئامانتۇر بايزاقوۋ، ھەمدۇللا قۇربانوۋ قاتارلىق ئاز

ساندىكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن باشقىلىرى قايتۇرۇپ كېلىندى ۋە يېڭىدىن خەمەت ۋەكىلى قاتارلىق بىر تۈركۈم بىلىملىك، قابىل كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك تۆت يىللىق، يەتتە يىللىق، ئون يىللىق تۈزۈم يولغا قويۇلغانىدى. شەھەرلەردە ئون يىللىق، شەرت – شارائىتى ياخشىراق رايونلاردا يەتتە يىللىق، كەنت قىشلاقلاردا تۆت يىللىق تۈزۈم يولغا قويۇلدى. شۇ چاغدا باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، چوڭراق يېزىلاردا مەركەزلەشكەن مەكتەپ، ئەتراپتىكى كەنت – قىشلاقلاردا شۆبە مەكتەپلىرى تەسىس قىلىنغانىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەھەرلەردە تولۇقسىز مەكتەپ، يېزىلاردا ( چەت – يىراق جايلار بۇنىڭ سىرتىدا) تۆت يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئاساسەن ئومۇملاشقانىدى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ يېزا – قىشلاقلاردىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ يۇقىرىراق مەكتەپ، سىنىپلاردا ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە ھەر بىر ناھىينىڭ مەركىزىدە بىردىن ياتاقلىق، مەركەزلەشكەن ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇ مەكتەپلەردە تولۇقسىز سىنىپتىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارغىچە دەرس ئۆتۈلەتتى. بۇ مەكتەپلەرگە شۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن تاللاپ

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تولۇقلىناتتى، ئىلى گىمنازىيە ( بىلىم يۇرتى) نى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ياخشى ئوقۇغۇچىلار تەقسىم قىلىنىپ سەپلىنەتتى. مەن 1948 - يىلى سۈيدۈڭ ( ھازىرقى قورغاس) ۋە قورغاس ( چىلپەڭزە) ناھىيىلىرىدىكى مەركەزلەشكەن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمدە، ئۇلاردىكى ئوقۇتۇش ساپاسى ھەقىقەتەنمۇ غۇلجا شەھىرىدىكى مەكتەپلەردىن قېلىشمايدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ئۆز خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆيۈنۈپ جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەيدىكەن، شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا ئالىي مەكتەپ ياكى ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاساسەن ئوتتۇرا سىفەن، تولۇق ئوتتۇرا، بەزىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن تىرىشچان ئىدى، ئۆز خىزمىتىگە قارىتا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، جان - دىل بىلەن تىرىشىپ ئىشلەيتتى، قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە جايلاردا ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى، باشقا ۋاقىتلاردا بىلىم ئاشۇرۇش كەچ كۇرسلىرى ئېچىلاتتى، كۇرسلاردا ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇراتتى. 1947 - يىلدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدە كەچكى چوڭلار مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى، بەزىلىرىدە ئالىي مەكتەپنىڭ 1 -، 2 - يىللىقلىرىدا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر تاللاپ

ئۆگىنىلەتتى، دەرسنى بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆتەتتى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ بىلىم ئاشۇراتتى.

ئۈچ ۋىلايەت مەكتەپلىرىدىكى دەرسلىكلەر، ئاساسەن، تەبىئىي پەن دەرسلىكلىرى ۋە تۈرلۈك كۆرسەتمىلىك قورال، خەرىتىلەر ئىدى. بۇ خىل دەرسلىكلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا، تاشكەنتتىكى نەشرىياتلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ( ئەرەب يېزىقىدا) مەخسۇس نەشر قىلىنغاندىن باشقا، بەزى ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرىنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى تۈزەتتى ۋە ئۇنى شافگرافتا بېسىپ تارقىتىپ پايدىلىناتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىدارە كادىرلىرىغا ئوخشاش بەزى ئايلاردا ئىش ھەققى ئالماي، ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىپ ، پىداكارانە روھتا خالىسانە ئىشلەپ كەتكەن چاغلىرى بولغانىدى.

مۇنداق بىر مەسىلە مېنىڭ ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ: 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلۈپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە بېسىم ئىشلىتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىستى ۋە قامال قىلدى، شۇ مەزگىلدە ئوقۇتقۇچىلارغا بىر قانچە ئاي ئىش ھەققى تارقىتىلمىغانىدى، مۇشۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىكى 100

دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى توپلىنىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ۋەكىل بولۇپ، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىگە ھال ئېيتىپ كەلگەنىدى. مۇشۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىدىغان پۇل يوق، ھەر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئىككى خو ( بىر خو تۆت پۇت، بىر پۇت 40 قاداق ھېسابلىناتتى) دىن بۇغداي بېرىلگەندە، شۇنىڭغىمۇ رازى بولۇپ، ئۆز خىزمىتىنى قىلىشقانىدى، جاپالىق خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بىر مۇنچە ئوقۇتقۇچىلار ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى، بۇلاردىن بەزىلىرى شۇ كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئېسىمدە. شۇڭا ئەخمەتجان قاسىمى1948 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قىلغان مۇھىم تارىخىي نۇتقىدا « .... ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ قانچىلىك جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. كىشىلىك جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىنەرلىك مېھنەت يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت ئەربابى ۋە باشقىلار ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر » دەپ، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە يۈكسەك باھا بېرىش بىلەن يەنە « .... مۇشۇ تەربىيىچىلەر بىز ئويلىغان ۋە بىز دېگەن ئورۇننى ئىشغال قىلالمايۋاتىدۇ، بىز ئۇلارغا ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرەلمەيۋاتىمىز، بۇ بولسا بۈگۈنكى شارائىتىمىزنىڭ شۇنداق بولغانلىقىدىندۇر » دەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورۇن ۋە تۇرمۇشىغا كۆيۈنگەنىدى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەنە شۇنداق بەزى قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن قوللاپ، ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىپ كەلدى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەكتەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەكتەپ يېنىدا ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتلىرى قۇرۇلغانىدى. بۇ ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتلىرىغا شۇ مەھەللە كەنتلەردىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى قاتنىشاتتى. بۇ كومىتېتلار مەكتەپلەرنىڭ چوڭ بىر غەمخورچىسى – يۆلەنچۈكى ئىدى. مەكتەپلەرنىڭ بىنا قۇرۇلۇشى، رېمونت قاتارلىق مەسىلىلىرىنى، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى، نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى قاتارلىق مەسىلىلىرىنى شۇ كومىتېت ئۈستىگە ئېلىپ ھەل قىلاتتى. ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتلىرى قەرەللىك ھالدا مەكتەپ مەسئۇلىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى ۋە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلەر بولسا كۆپچىلىككە تايىنىپ ھەل قىلىپ بېرەتتى. مۇشۇنداق ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتلىرىنىڭ ياردىمى، مائارىپپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن سېلىنغان مەكتەپ بىنالىرى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەممە ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلىرىدا تېپىلىدۇ. مەن ئۆزۈم بىۋاستە كۆرگەن بىلگەن مەكتەپلەردىن غۇلجا شەھرىدە « ستالىن مەكتىپى ( 7 ـ ئوتتۇرا)، ئايدۆڭ مەكتەپ، ئۆزبېك مەكتەپ، قارا دۆڭ

مەكتەپ، « روشەن مەكتىپى »، « شەرق » مەكتىپى ھەمدە بۇ مەكتەپلەرنىڭ شۆبە مەكتەپلىرىدىن تاتار مەكتىپى قاتارلىق نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرى ئەنە شۇنداق ئاتا – ئانىلار كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچى بىلەن سېلىنغانىدى.

ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە، بولۇپمۇ غۇلجا، چۆچەككە ئوخشاش شەرت – شارائىتى بار جايلاردا كەچكى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى، چوڭلار كەچكى مەكتەپلىرى، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش كۇرسلىرى بەس – بەستە ئېچىلىشقا باشلىغانىدى، ھەتتا غۇلجا شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئائىلىدىكى خانىم – قىزلار ئۈچۈن كەشتە تىكىش، كىيىم تىكىش قاتارلىق ھۈنەرلەر ئۆگىتىلىدىغان كەسپىي مەكتەپلەر قۇرۇلغانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئومۇمىي خەلق ساۋات چىقىرىش خىزمىتىمۇ چىڭ تۇتۇلغانىدى. شەھەر، يېزا – قىشلاقلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەر ساۋات چىقارغانىدى، بۇ كۇرسلارغا شۇ جايدىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى دەرس بەرگەندىن تاشقىرى، شۇ جايدىكى ساۋاتلىق ۋە مەلۇم بىلىم سەۋىيىسى بار ياشلار جەلپ قىلىنىپ دەرس ئۆتتۈلەتتى. بۇ خىزمەتكە ئومۇمىيۈزلۈك مەھەللە كومىتېتلىرى مەسئۇل بولغانىدى، 1948 – يىلدىن كېيىن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى

ھمايە قىلىش ئىنتىپاقىنىڭ جايلاردىكى يەرلىك تەشكىلاتلىرى مەسئۇل بولغانىدى.

شۇنداق، ئۆتمۈشنى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، شەھەر ناھىيلىرىدىن قايسىبىر ئورۇننىڭ تارىخىدا شۇ جايدا تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى، چەت ئەلنىڭ پەن ـ مائارىپ جەھەتتىكى ئىلغارلىقىنى كۆرگەن ياكى چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەر كۆپ بولسا، شۇ جاينىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان. مەسلەن: تۇرپاندا مۇھىتلار باشلىق بىر مۇنچە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، ئاتۇش، غۇلجىلاردا ھۈسەيىن باي، باۋۇدۇنباي ـــــ ئاكا- ئۇكا مۇسابايوۋلار، قەشقەردە ئابدۇكېرىم مەخسۇملارنىڭ شۇ جايلاردىكى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ناھايىتى زور. قەشقەر، ئاتۇش رايونلىرىدا تۈركىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئەھمەد كامال، ئابدۇقادىر داموللا، مۇھەممەت ئېلى ( تەۋپىق) قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى، تۇرپان، چۆچەكلەردە رۇسىيە تەۋەسىدىن كەلگەن مۇرات ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىموۋ، گۈلەندەم ئاپپاي؛ غۇلجىدا مىسىردا ئوقۇپ كەلگەن نەسۇھا داموللام، تۈركىيەدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان ئەپەندى، مەسئۇت سابىرى، مەسۇم ئەپەندى، جىرجىس ھاجى، سابىت

ئەپەندىم قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدە شۇ جايلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغانىدى. مۇشۇنداق زىيالىيلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغىنىش بولغان بۇ جايلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر مەيدانغا كېلىپ قاراڭغۇ جاھالەت دۇنياسىغا زەربە بېرىلگەن.

ئىلى رايونىدا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوۋلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ غۇلجىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچقانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى نەسۇھا داموللام قاتارلىقلار، 20 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئابدۇراخمان ئەپەندى، مەسۇم ئەپەندى، جىرجىس هاجى قاتارلىقلار يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى باشلىۋەتكەنىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن غۇلجىدا هۆسەيىن يۇنۇسوۋ، سالىه جانباي باباجانوۋ، هۆسەيىن تارانوۋ قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار. 1930 ـ يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە ئەمەتخان روزى، تېيىپ هاجى سابىتوۋ، ئابدۇرېهىمجان هەسەنوۋ، رەهىمجان سابىر هاجى، هەسنەم پالتىبايوۋ قاتارلىق كىشلەر ئىلى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن، يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۈچۈن كۆپ ئەجىرلەرنى سىڭدۈردى. غۇلجىدا 1920 ـ يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ 1930 ـ يىللاردا ئاتاقلىق مائارىپچى شائىر مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئەمگىكىنى ئالاهىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئاتاقلىق مائارىپچىلاردىن داموللا رازىيوۋ، هاشىم گۆهەر باقى، هاشىر رەززاقى،

ھۈسەيىن خەلپەتى ( ھۈسەيىن سامساق)، يارمۇھەممەت مەخدۇم قاتارلىق كىشىلەر ئىلى مائارىپى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. شۇ قاتاردا ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت يەتتە سۇ رايونىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇرۇلغان سوپى زارۋاتوۋ ( بۇ كىشى سوۋېت ھاكىمىيتى قۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ قۇربان بولغان) نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەن ئوسمان ئەيسا، ئابدۇرېھىم ئەيسا، مۇھەممەتجان تۇردىيوۋ، سېلىم ئاخۇن ئەپەندى، ۋېلەم ئەپەندى، ئالىم ئەيسا. ئەلى ئەكبەر، ئۆمەرجان ئەپەندىم قاتارلىق كۆپلىگەن زىيالىيلار ئىلى مائارىپ قوشۇنىغا قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى مائارىپىدا ئالاھىدە يېڭى يۈكسىلىش ۋەزىيتى بارلىققا كەلدى.

ئىلىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىن ئالغاندا، ئىلى ( غۇلجا) ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولغاچقا، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە، مەدەنيەت — مائارىپ ئىشلىرىدا ئۆگىنىش، تەسىر كۆرسىتىش زور بولغانىدى. بولۇپمۇ غۇلجا شەھىرىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە تاتار مىللىتىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى باشقا مىللەتلەردىن يۇقىرىراق ئىدى. شۇنداقلا تاتار قېرىنداشلاردىن چەت ئەلنى كۆرگەن، چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەرمۇ كۆپرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئىلىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنيەت مائارىپ ئىشلىرىنى

قوللاپ، يېتىلىقىا يېتەكلەشتە ئۇلارنىڭ رولى ۋە ئىلهام بىرىشى ناهايىتى زور بولدى. بۇنى ھەرگىز ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئىلىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۇرگەن، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان غارىپ ئەبزى، ھەبىب يۇنۇچى، مالىك بېكتېمىروۋ، پەرىخە ئەلى ئەكبەروۋا، رەپىق ئابدى، زەينەپ ئابدى، ماھنۇر سىراجىيېۋا قاتارلىق پېشقەدەم تاتار مائارىپچى زىيالىيلىرىنى ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. يالغۇز مائارىپ سېپىدىلا ئەمەس. باشقا مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرىدىمۇ تاتار زىيالىيلىرىنىڭ تەسىرى زور بولدى.

ئىلى ( غۇلجا) شىنجاڭدىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ توپلاشقان ئورنى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلغار ئىدىيىدىكى يۈزلىگەن زىيالىيلار غۇلجىغا كېلىپ توپلاشقانىدى. نىم شېھت ئارمىيە ئېلى داموللامدىن تارتىپ ناھايىتى نۇرغۇن يازغۇچى شائىر، ئوقۇتقۇچىلار ئىلىغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى، مانا بۇ كىشىلەر ئىلىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. 1933 – ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئىلىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر مەزگىل يەنى جاللات شېڭ شىسەي ساختا نىقابىنى ئېچىپ تاشلىغانغا قەدەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

1936 - ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى قاندۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىچە سەككىز قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئىلى ئۈچۈن ۋە پۈتۈن شىنجاڭ ئۈچۈن يۈزلىگەن زىيالىيلارنى يېتىشتۈردى. مەن ئاشۇ مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ 6 - قارارلىق سىنىپىدا (5 -، 6 - قارارلىقى بىر يىلدا قوبۇل قىلىنغانىدى) ئوقۇغانىدىم.

ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە 1940 - 1941 - ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ بىر سىنىپ ئالىي سىنىپ سىنىپى ئېچىلغانىدى. 1948 - يىلدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاشۇ مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئاساسىدا « ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى » قۇرۇلدى. بۇ بىلىم يۇرتىدا سىفەن كەسپى، ئاگرونوم، چارۋىچىلىق، قۇرۇلۇش، سىياسىي - قانۇن، مالىيە - ئىقتىساد كەسپلىرى تەسىس قىلىندى. بۇ بىلىم يۇرتىدا 17 سىنىپ بولۇپ، 500 گە يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۈچ ۋىلايەتتىن قوبۇل قىلىناتتى. مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تالانتلىق ئوقۇتقۇچىلار سەپلەنگەنىدى. بەزى كەسپى دەرسلەرنى ئۆتۈشكە سىرتتىن مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىناتتى.

بىلىم يۇرتى بىلەن تەڭلا ئىلى تېببىي مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپكە ئىلىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، شۇنداقلا ئىلىدىكى ئاتاقلىق يەرلىك دوختۇرلاردىن نېغمەت ئىنئامجانوۋ، شامىل دوختۇر، شەپقە خانىملار دەرس ئۆتەتتى. بۇ تېببىي مەكتەپ ئازادلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي مەكتەپنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالدى. 1949 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر ئايروپىلان ھادىسىسى بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن، ئىلى بىلىم يۇرتىغا « ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى » دەپ نام بېرىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1951 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە شىنجاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنى قايتا رەتكە سېلىنىپ، ئۇنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش، ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىكى كادىرغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە ئىلى بىلىم يۇرتىدىكى مەخسۇس كەسپى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈرۈمچىگە – مىللەتلەر شۆيۈەنىگە يۆتكەپ كېلىندى. مەيلى بىلىم يۇرتى ياكى تېببىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسۇن، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار خىزمەت ئېھتىياجى بويىچە ئۆلكە دائىرىسىدە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇنى جەزملەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ھەر ساھەدىكى يۇقىرى ئۇنۋانلىق زىيالىيلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەنە شۇ گىمنازىيە ھەم بىلىم يۇرتىدىن كەلگەنلەردۇر.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا تەڭ كۆڭۈل بۆلۈنگەنىدى. يالغۇز غۇلجا شەھرىدىلا تاتار مەكتىپى، ئۆزبېك مەكتىپى، ئىلى رۇس مەكتىپى، خەنزۇ مەكتىپى ، خۇيزۇ مەكتىپى قۇرۇلغانىدى، بۇ مىللەت باللىرى ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئوقۇيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن غۇلجىدا قازاق، موڭغۇللارنىڭ ياتاقلىق مەكتەپلىرى تەسىس قىلىنغانىدى، بۇ مەكتەپلەرگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىناتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تۈزۈمى، تەرتىپ - ئەخلاق تۈزۈملىرىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇلاتتى. ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتۇش پىلانلىرى مەۋسۇم، چارەكلەرگە بۆلۈنۈپ تۈزۈلەتتى. كۈندىلىك ئىش پىلانلىرى كونكرېت يېزىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىلىپ تۇراتتى. مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك بەش نومۇر قويۇش تۈزۈمى قوللىنىلاتتى. ئوقۇتۇش پروگراممىسى شۇ چاغدىكى

سوۋېت مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك پروگراممىسى ئاساسىدا تۈزۈلەتتى. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى خېلى يۇقىرى ئىدى.

ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن ئۆتكەچكە، شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئازادلىقتىن كېيىن تاكى 1956 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىدىغان يىللىق ئىمتىھان سوئاللىرىنى ( تەبىئىي پەنلەردىن) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپ مىنىستىرلىكى چىقىراتتى ۋە شۇ بويىچە ئىمتىھان ئېلىناتتى. شۇڭا ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئۈچ ۋىلايەت ھەم ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئىدى. ھەتتا مەملىكەت بويىچىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. بۇ بىر ئەمەلىي ئەھۋال بولۇپ، بۇنى 1956 ـ يىلى يولداش ليۇ شاۋچى پارتىيىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيىدا مۇقىملاشتۇرغانىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ شۇنداق ياخشى يولغا قويۇلغانلىقىنى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، جۈملىدىن ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ ئوقۇتۇشقا يۈزلىنىپ تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى، تۈزۈملىرىنىڭ ئەمەلىي بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەن قىسقىلا قىلىپ ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارما ( ئىدارە) سىنىڭ تەشكىلىي ئاپپارات ئەھۋالىنى قوشۇمچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: ئۈچ

ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا نازىر سەيپىدىن ئەزىزى ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلاتتى، ئىلمىي باشقارمىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر خانبابا ئىدى. باشقارما تەۋەلىكىدە كاتىبات بۆلۈمى، مەكتەپلەر بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، پېداگوگىكا ئىشخانىسى بار ئىدى، مەكتەپلەر بۆلۈمى قارمىقىدا ئىنسپېكتورلار ( مۇپەتتىشلەر) كوللېگىيىسى بار ئىدى. خەنزۇ، شىبە، رۇس، موڭغۇل مەكتەپلىرى ئۈچۈن شۇ مىللەتتىن بولغان مەخسۇس مۇپەتتىشلەر قويۇلغانىدى. مەن غۇلجا شەھىرىدىكى مەكتەپلەرگە مەسئۇل ئىدىم. ھەر بىر مۇپەتتىشكە بىردىن ئېگەر - توقۇملۇق يارامىلىق ئات تەييار ئىدى، ئۇلار ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم مەكتەپلەرنى ئايلىنىپ كېلەتتى. مەنمۇ غۇلجا شەھىرىدىكى 25 كە يېقىن مەكتەپنى ئايلىنىپ چىقاتتىم.

مۇپەتتىشلەر بىر ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات تەييارلايتتى، مائارىپ باشقارمىسىدىكى ئومۇمىي يىغىندا تەكشۈرۈش ئەھۋالى دوكلات قىلىناتتى، يىغىندا سوئاللار قويۇلاتتى، مۇزاكىرە قىلىناتتى ، ئاخىرىدا بۇ دوكلات تۈزىتىلىپ گېزىتتە ئېلان قىلىناتتى.

شۇ چاغدا مۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگەنتى: 1948 - يىلى نىلقا ناھىيىسىگە بارغان مۇپەتتىش نىلقا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدىكى

بەزى كەمچىلىكلىرىنى سىزىدۇ-دە، يىغىندا دوكلات قىلىدۇ، بۇ ئەھۋال گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمى فاتىخ مۇسلىموۋ ( ئۈچ ۋىلايەت باتۇرلىرىدىن بىرى) بۇ دوكلاتنى گېزىتتىن كۆرۈپ، خاپا بولۇپ: « ئاشۇ مۇپەتتىش ئەمدى ئىلقىغا كېلىدىغان بولسا، مازار ( سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى) دىن ئۆتسىلا ئاتىمەن » دەپ تەھدىت سالغانىدى. بۇ مۇپەتتىش قورققىنىدىن بىر مەزگىل ئىلقىغا بارالمىغان.

دېمەك، مائارىپنى تۇتۇش شۇنداق چىڭ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شۇنداق كۈچلۈك ئىدى. مائارىپ باشقارمىسىنىڭ بەنزىسى ئىخچام، يىغىنچاق. چاققان بولۇپ پۈتۈنلەي ئوقۇتۇشقا يۈزلەنگەن، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان، كادىرلىرى خىل، كۈچلۈك، ئىنتىپاقلاشقان بەنزە ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتە ھەر بىر ئوقۇش يىلى ئاخىرلاشقاندا، يىللىق ئومۇمىي ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەش يىغىنلىرى ئېچىلىپ تۇراتتى. نەمۇنىلىك مەكتەپ، مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەقدىرلىنەتتى، خىزمەت، ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېكىتىشتە شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىمى ( ئوقۇش تارىخى)، ستاژى تولۇق ھېسابقا ئېلىناتتى. مەكتەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، ئوقۇغۇچىلارنى

سۆيۈش يولغا قويۇلغانىدى. ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغانىدى.

مەنبە: شىنجاڭ تەزكىرىسى ژۇرنىلى 1995 – يىل، 1 – سان